گيوتې

# فائۇست



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

گيوتې

# فائۇست

1 - قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغان شاۋدۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئا. ئۆمەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# مۇھەررىردىن

گيوتې (1749 — 1832) دۇنيا ئەدەبىياتىدا گومىر، دانتې، نەۋائى ۋە پۇشكىنلار قاتارىدا تۇرىدىغان گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى. ئۇ شېئىر، دراما، پروزىدىن باشقا ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى، پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق، گۈزەل سەنئەت ۋە تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە ئاجايىپ زور نەتىجە قازانغان.

«فائۇست» گيوتېنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر ئەسىرى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا يارىتىلغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ نامايەندىسى.

شائىر بۇ ئەسىرىدە خەلق رىۋايەتلىرىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن بۇيانقى گېرمانىيە ۋە ياۋروپا جەمئىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى ئىلغار زىيالىينىڭ رېئاللىقتىن قانائەتلەنمەي، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىجتىمائىي غايىۋى تۇرمۇش يولىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدىگەنلىكىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ئەسەردە فائۇست بىلەن شەيتان مېفىستافېلنىڭ ئېلىشىشى ئارقىلىق، ئادەملەر ئالغا بېسىش يولىدا ھامان يولدىن ئېزىشتىن خالىي بولالمايدۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا توغرا يولنى تاللىۋالالايدۇ، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

## مۇندەرىجە

بېغىشلىما ........................................ 1
تىياتىر مۇقەددىمىسى ........................................ 3
ئەرشئەلادىكى كۈرەش ........................................ 13
بىرىنچى قىسىم ........................................ 20
ئىزاھلار ........................................ 315

# بېغىشلىما

ئۆمرۈمنى بەنت قىلغان ساختا سايىلەر
يەنە بولدىڭىزمۇ ئالدىمدا پەيدا.
ناھاتكى نەزمىڭىز بولغاچ مۇيەسسەر،
ياشلىقىم شاۋقۇنى تىندىمۇ ۋە يا؟
ياق، سىز تۇماندەك بىسىپ ئىزمۇ ئىز،
ئۈيلىرىم چۇلغاندى دوقىڭىز ئارا.
سىز بىلەن ئالسام تىن تولار كۆكرىكىم،
سىز بىلەن ياشىرار مېنىڭ يۈرىكىم.

كەچمىشلەر ئالدىمدا جانلىنار يەنە،
ياسانچۇق تاڭلار ۋە سېھىرلىك تۈنلەر، —
جانلىنار مىسالى بولۇپ ئەپسانە.
ياشلىقتا تۈنجى رەت سۆيۈشكەن كۈنلەر،
ئۆتمۈش ۋە ئەزگۈلىك، سېغىنىش مانا،
دىلىمدا قوزغىدى ئەلەملىك ئۈنلەر.
ئۇ يورۇق چاشگاھتا بولغانلار ھەتتا
ئەسلەيمەن ھۆرمەتتە سىزنى ھەر چاغدا.

ئاخىرقى نەزمەمنى ئاڭلىيالمىدى
دەسلەپكى بابىمنى تىڭشىغان دوستلار.

بۈگۈن ئۇ دەۋردىن ھېچكىم قالمىدى،
نەگىدۇ جىمىقتى تۇنجى ماختاشلار.
بەھرىسىز پىكىرنىڭ يوق ھېچ قىممىتى،
مۇزلىتار قەلبىمنى قۇرۇق ئالقىشلار.
يەتتى شۇ يىللارنىڭ ھاردۇقى بۇ دەم
نىجادسىز تەمتىرەپ يوللاردا ھەردەم.

ھە، يەنە چىللايدۇ ئىلاھى بىر ئۈن،
ھە، يەنە ئۇيلارغا چۆلغاندى بېشىم.
قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان شامالدەك،
نەزمىلەر ئۇرغۇيدۇ، قېنى بەرداشىم!
مۇزلىغان جىسمىمنى ئېرىتەر بۇ كۈن
يامغۇردەك قۇيۇلغان قايناق كۆز يېشىم.
بۇ ئالەم چېكىنەر، ئۆتمۈشچۇ. ئايان —
كۆزلىرىم ئالدىدا بولۇر نامايان.

# تىياتىر مۇقەددىمىسى

## تىياتىر باشلىقى، شائىر ۋە قىزىقچى

### تىياتىر باشلىقى

سىلەر ماڭا بەردىڭلار مەدەت
ناچارلاشقانىدى ئەھۋالىم.
قېنى، بۇ رەت كېلەرمۇ ئامەت،
ھەم كۈلەرمۇ بەخت - ئىقبالىم؟
بايلىق ئادەم سانىغا باغلىق،
نېمە قىلاي شۇنىڭغا لايىق.
تاختايلار تەق، سەھنە ھەم تەييار،
بىزدىن ئويۇن كۈتەر خالايىق.
كۆتۈرۈلۈپ قاشلار، چاقنار كۆز،
تەقەززالىق ئىلكىدە شۇ تاپ.
ماڭا ئايان سەنئەت ۋە لېكىن
ھاياجاندىن تۇرار دىل يايراپ.
تاماشىبىن بولمىسىمۇ كۆپ،
كىتاب كۆرگەن، بولايلى سەگەك.
بولسۇن دېسەك تاماشا ھەيۋەت،
دوستلار، ھامان يېڭى گەپ كېرەك.

تولسا ئادەمگە ئويۇن مەيدانى،
ئەتراپتىمۇ لىق ئادەم تۇرسا،
ھەر كەچ خەلق شۇ تار ئىشىككە،
جەننەت ئىشىكىدەك ئۆزىنى ئۇرسا.
پاتماي قۇياش، بىر چاغلار بۇندا،
كېتەر ئىدى غەلۋە باشلىنىپ.
بىلەت ئەمەس، گويا ئاچ خەلق
روجەكتىن نان ئالار تاشلىنىپ.
بۇ مۆجىزىگە پەقەت سەن قادىر،
كۆرسەت يەنە سېھرىڭنى شائىر!

## شائىر

— قوي، قارا خەلقتىن گەپ ئاچما ئەسلا،
شاۋقۇندىن كۆڭلۈمگە چۈشۈر ئىزتىراپ.
ئالامان ھېسلارنى يۇتقۇچى بالا
سۈرەن - تەپەككۇرنى كۆمگۈچى گىرداب.
كۆڭلۈم ئەمەلىكنى ئىزلەر دائىما،
چوققىلار تون كىيگەن تۇماندىن شۇ تاپ.
جىلۋىگەر شۇ ياققا باشلا مېنى، يۈر!
ئىلاھىي جىملىقتىن تاپارمەن ھۇزۇر.
يۈرەك ئۆز قېتىدا ئۇلۇغلىغان ھېس،
لەۋدە قانات يايماق بولغان تۇيغۇلار.
تەشنا كۆڭۈللەردە قالدۇرماستىن ئىز.
زامان چوقىسىدا دەرھال بوغۇلار.
بەس، ئۇيلار تاشقىنىن باسالىساق بىز،
مۇكەممەل گۈزەللىك شۇندا تۇغۇلار،

جىلۋىنىڭ ئۆمرىدۇر بىردەملىك پەقەت، —
قالغۇسى ئەۋلادقا ھەقىقىي سەنئەت.

## قىزىقچى

— ۋاي، يەنە شۇ ئەۋلاد، تەگدىمۇ جانغا،
مېھنەت قىلساق بىز كېلەچەككىلا،
بۈگۈنكى ياشلارنى خۇرسەنت قىلار كىم؟
زامانغا يار بولۇش كىچىك ئىش ئەمەس،
چىن دىلىدىن كۈلدۈرۈش يېنىك ئىش ئەمەس.
كۈلكە - زار، كوچىدا ياتماس ئەزىزىم،
بىزدىن شادلىق تىلەپ كېلەر خالايىق،
ئاتقا قۇلاق سالغان ھۆرمەتكە لايىق.
خالايىق كۆپ بولسا زور بولۇر تەسىر.
ئەرزىيدۇ دىللارنى قىلسىلا ئەسىر،
ھەقىقىي قابىلىيەت بولسۇن نامايان
ھەم بولسۇن ئەقىل ۋە تۇيغۇ مۇجەسسەم.
خىيالنىڭ پەرۋازى، شەۋق جىلۋىسى
ھە ئاندىن بىر قەپەس كۈلكە، ئىش تامام.

## تىياتىر باشلىقى

لېكىن ئەڭ زۆرۈرى سەرگۈزەشت بولسۇن،
چاقنىتىپ كۆزلەرنى، دىلغا زوق بەرسۇن.
يېزىلسۇن ئىنچىكە تەپسىلاتىمۇ،
تاماشا ئەھلىنى مەپتۇن ئەيلىسۇن.
ھە ئۇنىڭ ئەكتىگە يەتكەن كىشىنىڭ

قەلبىگە ھاكىمىيەت تەختىنى قۇرسۇن.
بىرسەن لوق گۆش دەپ بولما ئاۋارە،
سۆڭەكلىك بولسىمۇ رازى بولۇر ئەل.
ئالدۇ چۆمۈچكە سىققانچە ھەركىم،
كەلتۈرۈپ تەزىمنى سىزگە مۈكەممەل.
پەقەت كۆپچىلىككە كۆپ نەرسە كېرەك،
بەركەتلىك بولسىلا بولغىنى قازان.
لوق گۆشتىن خەلققە پايدا يوق، شەكسىز
بەردىبىر پارچىلاپ تاشلار ئالامان.

## شائىر

سەنئەتتە كاسپىلىق — كاززاپلىقتا تەڭ،
ئەپسۇسكى ئادەتتۇر سىزگە بۇ ھالەت.
بىز يەردە ناقابىل قەلەمكەشلەرنىڭ
ھۆرمىتى شۇڭلاشقا يۈكسەكتۇر غايەت.

## تىياتىر باشلىقى

بۇنداق تەنىلەردىن كەمىنە خۇشال
چۈنكى بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى بىكار.
دوستۇم، ھەر ھۈنەرنىڭ ئۆز ئامالى بار،
تاختايغا ھەرەيۇ، تۆمۈرگە سەندال.
گەر سەھنە بىز ئۈچۈن بولسا چار بازار،
تاماشىبىن بىز ئۈچۈن خۇددى خېرىدار.
بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى ئويلاڭچۇ دوستۇم،
ئۇلار كىم ۋە تەلەپ قىلار نېمىنى؟

ئويۇنغا كەلمىكى زادى نېمىدىن...
ھېسابقا ئالماقلىق لازىم ھەممىنى.
بەزىلەر زېرىكىپ كېلىدۇ بىزگە،
بەزىلەر كېلىدۇ ھۇزۇر ئالاي دەپ.
بەزىلەر كېلىدۇ قەلبىدە سۆيگۈ،
بىرەر گۈل يۈزلۈكنى مەپتۇن قىلاي دەپ.
خانىملار تاماشا كۆرمەكلىك تۈگۈل،
كېلىدۇ كۆرسەتمەك ئۈچۈن ئۆزىنى.
كېتىدۇ بىھۇدە قىلىشىپ كۆز - كۆز،
ياقىسى — تۈلكە ۋە قۇندۇزلىرىنى.
ئەي خىيال كۆكىدە ئۇچقان شائىرىم،
ھە ئەمدى بىر ئازراق پەسلەڭ زېمىنگە.
يېقىندىن كۆز سېلىڭ تاماشىبىن كىم؟
ئۇ قوپال ھەم گالۋاڭ، ھېسسىز بىرنېمە.
چىقىپ بۇ دەرگاھتىن بىراۋ قىمارغا،
بىراۋ پاھىشىخانىغا ئۇرار ئۆزىنى.
بەس، بۇندا نېمە بار يۈكسەك ئەشئارغا،
سىز كىمگە تاقىماقچى قەلب يۇلتۇزىنى؟
تەكرار ئېيتىمەنكى، كۆپ يېزىڭ پەقەت،
گەپ كۆپ بولىۋەرسۇن، پىكىر شەرت ئەمەس.
خالايىقنى ھاڭ - تاڭ قىلسىڭىزلا بەس،
ھە شۇندا سىزنىڭكى ئابروي ۋە شۆھرەت.
نېمىشقا خىيالغا قالدىڭىز چۆكۈپ،
ياكى ئىلھام بىلەن قىلامسىز سۆھبەت؟

## شائىر

بار، ئىزلە ئۆزۈڭگە باشقا خىزمەتكار،
باشلىغان يولۇڭغا ھەرگىز ماڭمايمەن.

مەندە تەگرى بەرگەن ئالىي ھوقۇق بار،
سېنى دەپ مەن ئۇنى يەرگە ئۇرمايمەن.
نېمىشقا ئوت ياقار دىلغا شېئىرىيەت؟
قىلغىنى ئۈچۈنمۇ كۆككە پەرۋاز گەپ!
شائىر يۈرىكىدە پىنھاندۇر ئالەم.
ئالەمچە زور تۇيغۇ ئۇندا مۇجەسسەم.
پەرۋاسىز تەبىئەت زامان چاقىدا
ھاياتلىق يېپىنى ئىگىرىۋاتقاندا،
ئارىلىشىپ كېتىدۇ گاھى خەس، پۇچەك.
بەركامالىق بولماس ئۇنىڭ تارىخىدا،
كىم تۈزۈم بېكىتەر چاقنىڭ ئىشىغا،
ھايات رىشتىسىگە كىم تۇرار ئارا؟
بارلىقنىڭ تەرتىپسىز سورۇنىغا كىم،
مۇزىكا ئۇنىدەك بەخش ئېتەر جۇلا.
كىمدۇر شەيدا قەلبىنىڭ تۇغيان چىغىنى
توپان شىددىتىگە قىلغۇچى قىياس؟
كىمگە مۇھەببەتنىڭ ئوت پىراقىنى
سۆزلەيدۇ ھەر ئاخشام پاتقۇچى قۇياش؟
كىم ئۇ باغدا ئۈنگەن ھەشقىپىچەكنى
شۆھرەت گۈلتاجىغا باراۋەر ئەتكەن؟
كىمنىڭ رۇخسىتىدە رەڭدار چېچەكنى
مەھبۇبلەر پېيىگە شاماللار سەپكەن؟
كىمدۇر ئۇ كۆرسىتىپ شىجائىتىنى
تەگرىلەر پاسبانى بولماققا قادىر؟
ئۇ دۇر ئادەمزاتنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىن
قەلبىدە مۇجەسسەم ئەيلىگەن شائىر.

## قىزىقچى

شۇنداق ئىكەن، دېمەك، ئىلھامنى چاغلاڭ!
ئاشۇ سېھرىڭىزنى كۆرسىتىڭ، نەبى.
ھادىسىلەر يىپىنى تېزلىكتە باغلاڭ
مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلىغان كەبى.
ئاخىر سۆيگۈدىمۇ شۇ بولۇر تەكرار،
تاسادىپ ئۇچرىشىش، دوستلۇق ۋە ئاھ - ۋاھ،
ئۇرۇشۇش، يارىشىش، سۆيۈش ۋە نىكاھ،
مانا كۆردىڭىزكى، داستان ھەم تەييار.
يازسىڭىز بولىدۇ شۇنىڭ ئۆزىنى،
بۇ گەپ ھەر قەدەمدە — قول سۇنسىڭىز بەس،
ھەر كىم ئۆز قەلبىنى ئۆزى ئاڭلىماس،
ئۇنى كۆرسەتسىڭىز ئاچار كۆزىنى.
ياللغاننى قاتۇرۇڭ، قايناڭ تېشىڭ،
لېكىن ئىككى ئېغىز راست گەپنىمۇ قوشۇڭ.
شۇندا سىز تەييارلاپ ئۇزاتقان شەربەت
بولىدۇ ھەم ئەرزان، ھەم جانغا لەززەت.
توپلىشىپ ھە، شۇندا ئەل كۆركى ياشلار،
شۇ ئىشىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلار.
سىز تۇتقان ئاجايىپ نېمەتنى تېتىپ
قەلبىگە لازىمنى، ئۆزىلا تاپار.
دىلىڭ تۇتۇپ قۇلاقنى باقار ھەممە جىم،
بۇ دەرگاھتىن قۇرۇق قايتمايدۇ ھېچكىم،
كۈلەر، كۆز ياش تۆكەر قەلبى گۆدەكلەر،
ئويۇندىن ھەيرەتتە ئۆزمەي كۆزىنى.

كىمكى تۇتۇۋالغان بولسا ئۆزىنى،
ئاجىزدۇر ئالدىدا بۇ خىل چۆچەكلەر.
ھەممىنى كۆرۈشەر، تەشەككۈر ئېيتار،
ھاياتقا تۇنجى رەت قەدەم قويغانلار.

## شائىر

قايتۇرۇپ بەر سەنمۇ ئاشۇ ياشلىقنى،
ھاياتقا تۇنجى تاپ باسقان چېغىمنى.
قايتۇرۇپ بەر ماڭا ئوتلۇق بېيتلار،
كۈيلەرگە پەيۋەستە جانۇ جىسمىمنى.
ئالەمنى چۆمكىگەن تاڭ تۇمانىدا
قىزىقىپ كۆز تىككەن چېغىمنى قايتۇر.
ياشلىقتەك يېتىلگەن باھار پەيتىدە
مېنى گۈلگە كۆمگەن بېغىمنى قايتۇر.
ئاجايىپ ئىدىكى ياشلىقىم، ئۇ پەيت،
گادايدىم ۋە لېكىن كۆڭلۈم شاھ ئىدى.
مەن ئۈچۈن ئاش ۋە نان — شېئىر، ھەقىقەت،
ئىلھامىم زوقىدىن كۆڭلۈم چاغ ئىدى.
قايتۇرغىن ئەقلىغا تېخى تولمىغان
قىي - چۇۋۇلۇق ئۇ تەنتەك - بەگباشلىقىمنى.
مېھىر ھەم قەھرىنى پەرق ئەتمىگەن،
جۇنۇن ئاشىناسى — ئوت ياشلىقىمنى.

## قىزىقچى

ياشلىق، ئەزىز دوستۇم، جەڭلەردە كېرەك،
تىز پۈكمەس دۈشمەنگە، ئۇ مەغرۇر، سۇبات.

جانانلار بوينۇڭغا سالغاندا بىلەك.
ياشنىپ قالساڭ گەر — تاپ ئۇندىن نىجات.
كېرەكتۇر شۇ ياشلىق ھەر ئىشقا قەدەر،
كېرەكتۇر يول يۈرگەن، يۈگۈرگەن چېغىڭ.
مەي ئىچىپ، شاد بولۇپ تا ئاپئاق سەھەر
سۈرەنلىك سورۇندا ئولتۇرغان چېغىڭ.
ۋە لېكىن راۋابىنىڭ تارىنى چېكىپ
چالماققا ئۆگەنگەن ئاھاڭنى ياڭراق.
سۆز بىلەن دىللارنى ئەسىر ئەتمەككە
ئەكسىچە قېرىلىق پەسلى ياخشىراق.
دېيىلەر، قېرىلىق كەلگەندە يېتىپ،
باللىق قايتارمىش، ھەيران قالىمىز.
ئەسلىدە ھەممىمىز كەتكۈچە ئۆلۈپ
ئالەمدىن غاپىلمىز — گۆدەك بالىمىز.

## تىياتىر باشلىقى

بەس، يېتەر، سەپسەتە ساتماس ئىش بىلگەن،
بىكارچى بولساق بىز كېلەر نە پايدا؟
ۋاقىت ئۆتكۈزمەدۇق تەكەللۇپ بىلەن
دەرھال كېلىشمەككە ئىمكان بار جايدا؟
شېئىر كەيپىياتىنى كۈتكۈچى شائىر
تىنىقتىن قالغۇچە كۈتۈشى مۇمكىن.
ئەگەر شائىر بولسا ھەقىقىي ماھىر،
ئىلھام ئېتىكىدىن تۇتۇشى مۇمكىن.
بىز موھتاج نېمىگە سىزلەرگە ئايان،
پىشۇرۇش سىزدىنۇ بىزلەردىن قازان.

تېزلىكتە كىرىشىڭ، پۇرسەت كۈتمەيدۇ،
شەرتلىشىپ كېلىشمەي ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ.
كۈن ئۆتۈپ كەتمەي، قايتمايدۇ ئۇ ھېچ،
تۇتۇڭ ئىش پېشىنى بوپ كەتمىسۇن كەچ.
نېمىس سەھنىسىدە، كۆرۈڭ ئۆزىڭىزنى،
كىم نېمە خالىسا قىلىۋېتىپتۇ.
سىزمۇ ئىش كۆرسىتىڭ يەتسە كۆزىڭىز،
قانداق ئەسۋاب كېرەك تولۇپ يېتىپتۇ.
سىزگە نۇر كېرەكمۇ — مانا چىراغلار،
ھاجەتكە يارىشا ئايماي يېقىڭ.
بۇ ياندا بار بوران، بۇندا چاقماقلار،
قار، يامغۇر كېرەكمۇ — بۇ يانغا بېقىڭ.
پۈتۈن كائىناتۇ يۇلتۇزلۇق ئالەم —
شۇ كىچىك سەھنىدە بولغان مۇجەسسەم.
ئاسمان قەۋەتلىرىنى كېزىپ بىرمۇ بىر،
جەھەننەم قوينىغا مۇمكىن يەتمەك ھەم.

# ئەرشئەلادىكى كۇرس

## تەڭرى، ئاسمان مۇھاپىزەتچىلىرى، ئاخىردا مېفىستافىل، ئۈچ مەلىكە

**رافائىل**

— موسىقى ساماۋات قەۋەتلىرىدە
قەدىمىي يولىدىن كەلمەكتە شۇ تاپ —
زىلزىلە تارتىپ پەلەك قەرىدە
ئاۋاز بەرمەكتە جاھانغا ئاپتاپ.
ھەيرانلىق كۆزىدە باقار مەلەكلەر
ئەجەبكى، كۈچ بېرەر بەلگىسىز دۇنيا.
يارىلىش پەيتىدىن ھازىرغا قەدەر
مەڭگۈلۈك ئىگىسى ئاللاتائالا.

**جەبرائىل**

— ئەقلىمۇ چاغ كەلمەس سۈرئەتتە زېمىن
مۇقەددەس ئىزىدىن بارار ئايلىنىپ.
زۇلمەت كېچىسىنى قوغلاپ كەينىدىن،
تاڭ ئاتار بېھىشنىڭ نۇرىنى چېچىپ.

دېڭىزلار بۇرغۇندىن يۈزگە تور تارتىپ
ۋەزمىن قىيالارنى يۇيار دەممۇ دەم.
قىيا، دېڭىزلارنى يەلكىگە ئارتىپ،
ئېلىپ بارماقتىدۇر قۇدرەتلىك ئالەم.

## مىكائىل

— دۇچ كەلگەن نېمىنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ،
بىر تەلۋە كۈچ بىلەن كۆتۈرۈپ چۇقان،
گاھ سەھرا، گاھ چەكسىز ئېدىرنى كېزىپ،
ھۆكۈم سۈرمەكتىدۇر دەھشەتلىك بوران.
تىترىسە گۈلدۈردىن ئاسمان گۈمبىزى،
يەر ئۈزرە كۆتۈرەر چاقماق قىلىچىن.
ۋە لېكىن ئەي خۇدا، بۇ مۆجىزاتكار —
سېنىڭ قۇدرىتىڭگە ئوقۇيمىز تەھسىن.

## ئۈچى بىرلىكتە

— موسىقى ساماۋات قەۋەتلىرىدە
قەدىمي يولىدىن ئىز بېسىپ شۇ تاپ —
زىلزىلە تارتىپ پەلەك قەرىدە
ئاۋاز بەرمەكتە جاھانغا ئاپتاپ.

## مېفىستافېل

— مالائىكلەردىن، ئەي تەڭرىم، يانا
سورايسەن: — ئالەمدە نېمە گەپ بار دەپ؟

باشتىلا مىنى ياد ئەتمىدىڭ، مانا،
ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم مەن ئاشۇ سەۋەب.
ساڭمۇ ئايانكى، گەپتە مەن ئاجىز،
ئۆزگە مەلەكلەردەك ئېيتالمايمەن ۋەز.
ئۇلۇغۋار نۇتۇقتا تۇتۇنسام ئەگەر،
كۈلمىكىڭ يۇمىلاپ تەھقىق، مۇقەررەر.
گەپ ئاچماي يۇلتۇز، سەييارىلەردىن،
سۆزلەيمەن يەردىكى ئاۋارىلەردىن.
ئىنسان كائىناتتا بىر كىچىك خۇدا،
ئۇ شۇنداق يارالغان ئەسلى باشتىلا.
ئۇ بەلكى تۈزۈكرەك ياشاردى بۇ كۈن،
سالمىغان بولساڭ سەن كۆڭلىگە ئۇچقۇن.
ئۇ، ئۇشبۇ ئۇچقۇننى ئەقىل دەپ ئاتار،
كۈنىمۇ شۇ سەۋەب ھايۋاندىن بەتەر.
بەرسەڭمۇ گەرچە سەن ئاڭا گۈزەل ئات،
ياشايدۇ بىراقتا مىسلى ھاشارات.
خۇددى چېكەتكىدەك ئوت - چۆپلەر ئارا،
گاھ ئۇچار، گاھ سەكرەر، گاھ قىلار ناۋا.
مەيلى ئىدى يۈرسە ماكانىدا جىم،
ھەر ئىشتا تۇمشۇغىنى تىقار ئۇ، تەڭرىم!!

## تەڭرى

— ئەرزىڭ شۇمىدى؟ يەنە كونا گەپ!
بىر نۇقسان تاپىسەن ھەر ئىشتىن، ئەجەب!
روزى ئالەمدىن سەن، دېمەك نارىزا؟

### مېفىستافېل

— تەڭرىم، ئالەمدە ئىش بەكمۇ رەسۋا!
شۇنداق ئوقۇبەتتە ياشاركى ئادەم —
رەھىم كېلەر ئاڭا ھەتتا مېنىڭ ھەم.

### تەڭرى

— فائۇستنى تونۇرسەن؟

### مېفىستافېل

— تېۋىپمۇ؟

### تەڭرى

— قۇلۇم.

### مېفىستافېل

— گېپىڭ توغرا، ئەمما ئۇنىڭ تائىتى،
باشقىلارغا ئوخشىماس، شۇنچە غەلىتى.
يەپ ئىچىشنىلا ئويلىماس ئەسلا،
ئۇ سۆيەر كۆرەشنى يۈكسەك غەيرەتى.
كۆزلەيدۇ دائىما يىراق مەنزىلنى،
دەيدۇ ئۇ ئۇزاتسۇن ئاسمان يۇلتۇزنى.

يەرمۇ بەخش ئەتسۇن پۈتمەس نېمەتنى.
ھەل بولغان چاغدا ھەم شۇ غايە ـ مەقسەت،
تاپمايدۇ زادىلا كۆڭلى قانائەت.

### تەڭرى

— ئۆتىدۇ مەن ئۈچۈن ئۆمرى مېھنەتتە،
ھىدايەتلىك شۇڭا ئۇنىڭ ھەر ئىشى.
كۆچەت تىككەنىسكەن باغۋەن ئەلۋەتتە،
ئايانىدۇر ئالدىدا گۈلى، مېۋىسى.

### مېفىستافېل

— ئىشىڭغا تەييارمەن! ئىشەنچىم كامىل،
بۇ قۇلۇڭنى سەندىن تارتىپ ئالىمەن.
ئۆزۈم باشلاپ ئۇنى يولغا سالىمەن،
ئىجازەت بەرگىن مەن بۇ ئىشقا قابىل.

### تەڭرى

— مەيلى، سىناپ كۆرگىن، — قىلساڭ ئىختىيار،
ئىلگىدە ئۇ ھايات بولسا ھەر قاچان.
ئىزدىنىش بار يە ردە باردۇر ئادىشىش.

### مېفىستافېل

— رەھمەت تەڭرىم، ئۆلۈككە ھامان
يوقتۇر ھاجىتىم، بار ئۇندا نە ئىش؟
قىزىقتۇرار مېنى پەقەت تىرىك جان،

نۇرلۇق ھۆسنى، يۈرەكتىكى قان.
لازىم ئەمەس ماڭا مۇردا ئەلۋەتتە،
مۈشۈككىمۇ تىرىك چاشقان كېرەكتە.

### تەڭرى

— تاپشۇراي مەن ئۇنى ئىختىيارىڭغا،
دۆڭگىمۇ، ئويغىمۇ ئۇنى باشلىغىن.
بىر كۆرەي، قانچىلىك ئەگىشەر ساڭا،
خالىساڭ ئېپ بېرىپ يارغا تاشلىغىن.
شۇندىمۇ، بىلىمەن — بۇ ماڭا ئايان،
زۇلمەتتىن يول تېپىپ چىقالار ئىنسان.
چىراغتۇر ئۇنىڭغا مەن بەرگەن ئەقىل.

### مېفىستافىل

— مانا بۇ ئويۇنغا مەن ئۆزۈم كېپىل،
كۆپ ئۆتمەي ھەممىسى بولىدۇ ئايان.
ئادەمزات ماڭا باش ئېگىدۇ ھامان.
كۆرىسەن، سەن شۇنچە ئىشەنگەن ئادەم،
تۇپراقتەك چېچىلىپ بولىدۇ ۋەيران.
ئۆتىدۇ ھاياتى سۆيۈملۈك ھامام
يىلاندەك سۆرۈلۈپ ھەر چاغ، ھەر زامان.

### تەڭرى

— شۇ چاغدا كەلگىن سەن، تارتىنما ئەسلا،
سەندەكلەر مەن ئۈچۈن يات ئەمەس، ئىشەن.

ئىپلاسلار توپىنىڭ ئىچىدە سەنلا
ھەممىدىن يېقىنىسىن ماڭا ئەي شەيتان،
ئىنسان تەبىئىتى ئۇيقۇغا مايىل،
سەن ئاڭا نوختا سال، تۇرتۇپ تۇر دائىم.
ئايلانغىن يېنىدا، قوزغات سەھەر - كەچ،
ھەر زامان بىدار تۇت، ئارام بەرمە ھېچ.

(مەلىكىلەرگە)

— ئەي، سىز پەرىشتىلەر، مېھرى دانىشنىڭ
ئېسىل پەرزەنتلىرى، سۆزۈمنى ئىشتىڭ.
ئالەم گۈزەللىكى زوق بەرسۇن سىزگە.
كىمكى يۈرىكىدە شەۋق بىلەن ياشار —
كىمكى ئەلەم چېكەر، يانار، كۆرىشەر،
يارۇ ھەمراھ بولسۇن يۈرىكىڭىزگە.
(ئاسمان يېپىلىدۇ، مالائىكلەر تارقىشىدۇ)

**مېفىستافىل**

(يالغۇز)

ئۇ سۆزلەر نەقەدەر نەپىس، مۇلايىم!
بولىمەن ئۇنىڭغا يېقىن ھەر دائىم.
بۇ چالىنىڭ ئاجايىپ بىر خىسلىتى بار،
ھەتتا ئىبلىسقىمۇ بەرمەيدۇ ئازار.

# بىرىنچى قىسىم

## تۈن

گاتىك ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن قۇببە شەكىللىك ئۆي، فائۇست ئالدىغا قويۇلغان ئېچىقلىق كىتابقا كۆز تىكىپ كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ.

### فائۇست

ئىلاھىيەت بىلەن بەنت بولدۇم،
پەلسەپىدە ئەقلىغا تولدۇم.
بولدۇم يەنە ئادالەتشۇناس،
بولدۇم ھېكىم — تىبابەتشۇناس.
لېكىن ماڭا بىر نەرسە ئايان،
نادان ئىدىم، نادانمەن ھامان.
باردۇر دوكتور، ماگىستىر نامىم،
ئۆتتى ئون يىل مېنىڭ ھاياتىم
شاگىرتلارنى ئالدىماق بىلەن،
گاھ ئوڭ، گاھ ئەكس ساۋاق بىلەن،
تەھسىل كۆرەر ئۇلار بىساۋاب،

چېكەر شۇندىن ۋىجدانىم-ئازاب.
مەنغۇ ئەلا ئۆلىمالاردىن
تېۋىپلاردىن، ۋۇزىرالاردىن.
بۇلار ئىچرە جىن ئۇرمىغان كەم،
مەندىن، دەرس ئالار جىنلار ھەم.
كىملىكىمنى بىلىمەن ئەمما، —
قويالمايمەن قىلچە تەمەننا.
ئۆزۈم ئالەم باغىۋەنــى دەپ،
ئەھلى ئىنسان چىراغۋەنى دەپ.
تاپقىنىم يوق بايلىق ۋە شۆھرەت،
تېتىمىدىم ھاياتتا لەززەت.
ئىت چىدىماس، بۇ قانداق ھايات!
مەن جادۇدىن ئىزدىدىم نىجات.
ئەمدى ئىزدەپ روھلارنى تاپاي،
بۇ ئالەمنىڭ كەچمىشىن ئېيتقاي.
جاھالەتكە بولسامۇ مەھكۇم،
ئۆزگىنى دانا دېمەيمەن چوقۇم.
تەنھالىقتا بىلەي، بۇ ئالەم
نە كۈچ بىلەن بولغان مۇجەسسەم.
كۆڭۈل بەرمەي نادان بىدئەتكە
يېتەي ئاخىر توپ ھەقىقەتكە.
ئاي، سەن ماڭا ئۆيقۇسىز ئاشنا،
دېرىزەمدىن تەلمۈرۈپ تەنھا،
مەن خەت ئۈزرە چەككەندە زەخمەت،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ تاڭغىچە ئۈلپەت.
ئەي گۈزەل ئاي ئەمدى سەن قېنى —
ئاخىرقى رەت كۆرسەڭدىڭ مېنى.

ئۆلپەت بولسام ساڭا تاغلاردا،
چۇلغاپ تاڭدا ئۇ كۆچ تۇمانلار،
پەرىشتىلەر بىلەن غىلمانلار —
ئوينىاپ ئۇچقان كۆك ئوتلاقلاردا.
شەبنەم كېچىپ چاپسام، ئۇنتۇسام
دەمنى بوغقان ئالىملىقنى ھەم.
تەنھالىقنىڭ دەردى يۈرەكتە،
مەن تېخىچە ئاشۇ كاتەكتە.
بۇندا بارى گۆلدار روجەكتۇر.
چۈشمەس ئۇندىن ھەتتا پارچە نۇر.
تولغان بۇ ئۆي تورۇسقىچىلىك
چاڭغا پاتقان كىتابلارغا لىق.
بۇ كۆلبىدە چىراغ ئىسىدىن
پەرق ئەتمەس كۈندۈز كېچىدىن.
بۇندا سانسىز سۆڭەكلەر ياتار،
شۇ، ئالەمدىن قالغان يادىكار.
ئېيتقىن، ئەجەب، ئەنە شۇ ھالدا،
جۇش ئۇرىدۇ ھاياجان دىلدا.
نېمە قىسمەت، بۇ زىندان ئارا،
يىللار ئۆتۈپ بولمىدۇق جۇدا.
ئېيتقىن، نېچۈن كەچتىڭ ئەي تەڭرىم
تەبىئەتنىڭ تىرىك جېنىدىن؟
قەسىر ئىچرە ياسىدىڭ قەسىر،
ئەجدادلارنىڭ ئۇستىخىنىدىن؟
قاچ بۇ يەردىن، ئۆتمىسۇن پەيتىڭ!
كەت ۋە ھەمراھ قىلىپ يولۇڭغا،

سىرلار تولغان ناستىرەدەمنىڭ*
كىتابىنى ئالغىن قولۇڭغا.
شۇندا ساڭا يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
ھايات سىرىن قىلىدۇ ئايان.
پەيدا بولۇر يۈرىكىڭدە داغ،
ئاڭلاپ روھلار زارىنى شۇ چاغ.
ئەمما ئۇلارنىڭ بەلگىسى مەۋھۇم،
شەرھلەلمەس تەپەككۇر، ئۇقۇم.
قېنى، ھەي روھلار، سىلەر قەيەردە،
جاۋاب بېرىڭلار، كۆرسىتىپ بەلگە.

(كىتابىنى ئاچىدۇ مەكرا كاسىم** بەلگىسىنى كۆرىدۇ)

بۇ سىرلىق خەت ماڭا بېغىشلاپ قۇدرەت،
قوزغىدى قەلبىمدە خۇشال تۇيغۇلار.
بۇ قانداق سەنئەت، بۇ قانداق ھېكمەت،
ئويغاندى قەلبىمدە يەنە ئارزۇلار.
قاي تەڭرى ياراتتى ئۇشبۇ بەلگىنى،
ياراتتى مۇكەممەل، تەلتۆكۈس قىلىپ.
ئۇ كۆڭلۈم دەردىگە مەلھەملەر بېرىپ،
غەم - غۇسسە تۈنىدىن قۇتقۇزار مېنى.
ھەممە كۆز ئالدىمدا مىسالى سۈرەت،
گوياكى مەن ئۆزۈم ياراتقۇچ قۇدرەت.
گويا ئىلكىمدىدۇر جاھانى مىرئات،***

* ناستىرەدەم — XVI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ھېكىم ۋە مۇنەججىم.
** مەكرا كاسىم بەلگىسى — ئالتۇن قىرلىق يۇلتۇز — بارلىق ئالەم، كائىنات ۋە ساماۋات بەلگىسى.
*** مىرئات — ئەينەك.

گويا ئالقىنىمدا پۈتۈن كائىنات.
ئايان بولۇر ماڭا بۇ دانا ھېكمەت:
«سېنىڭ يېنىڭدىدۇر روھلار دۇنياسى،
ئىشكتە يوق قۇلۇپ — ساڭا خاس پەقەت.
چېچىلسا ئۈستۈڭگە تاڭنىڭ زىبياسى
كۆز ئاچساڭ، بۇ دۇنيا مانا، مەرھەمەت».

(سۈرەتنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرىدۇ)

بۇ تىنىمسىز كائىنات ئارا
تاپقان ھەممە تولۇق كامالەت.
خەزىنىگە تولۇق لىقمۇلىق
بۇ ئالەمگە باقساڭ ھەر تەرەپ.
نەچچە مىڭلاپ قاناتلىق جاندار
نۆۋەت بىلەن ئالتۇن چۆمۈچتە،
بىر - بىرىگە بېرىشىدۇ ھەل،
پەرۋاز قىلار گاھ ئېگىز كۆكتە.
زەپ مەنزىرە! مەن ئۈچۈن بىراق،
جانسىز سۈرەت ھەممىسى پەقەت.
سېنىڭ قۇتلۇق ھىممىتىڭدىن، ۋاھ،
يەنە چەتتە قالدىم تەبىئەت!
قانداق مۇمكىن ساڭا ئېرىشمەك،
بەھرى ئالماق قۇچاقلىرىڭدىن،
سېنىڭ زىلال بۇلاقلىرىڭدىن
قېنىپ - قېنىپ سىمىرمەك شەربەت.

(ئەلەم بىلەن يېگى بەت ئاچىدۇ ۋە زېمىن روھىنىڭ بەلگىسىنى كۆرىدۇ)

ماڭا مەرغۇپ ئۇشبۇ ئالامەت،
زېمىن روھى ئاشنادۇر ماڭا.
ئۇ تۈپەيلى زوق بىلەن پەقەت،
ئىنتىلمەن دائىم ئالدىغا.
بۇنداق چاغدا بولىمەن تەييار
ھەممە ئۈچۈن بېغىشلاشقا جان.
باش كۆتۈرۈپ مەغرۇر ئۆلەرمەن،
ئەجەل يەتكەن بولسا بىئارمان.
كۆكنى قۇچتى ئاق بۇلۇت،
ئاي بولدى نىھان.
چىراغ ئۆچتى، تۈتۈنگە—
ئۆي تولدى شۇ ئان.
سىلاپ ئۆتتى قىزغۇچ نۇر
يۈزۈمنى شۇ دەم،
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ،
سېلىپ ھاياجان،
ئۇ دۇنيانىڭ دەھشىتىن
قىلىپ نامايان،
شىپتىن كەلدى بىر نەپەس!
ئەي، روھى جاھان.
شۇ يەردە سەن، كېلىۋەر،
كەل. كەلگىن چاپسان!
يۈرەك يانار، بارلىقىم
سەن بىلەن ھەمدەم.
مىكرىم قاچتى، تېنىمگە
تىترەك ئولاشتى.
كەل، كېلىۋەر، مەيلىدى
كۆرۈپلا ئۆلسەم.

(كىتابنى ئېلىپ دوروت ئوقۇيدۇ، قىزغۇچ يالقۇن ئىچىدىن
روھ پەيدا بولىدۇ)

روھ

— ئۇخلىدىڭمۇ؟

فائۇست

(بۇرۇلۇپ):

— بىداۋا خىلقەت

روھ

— دۇئا بىلەن مېنى ئىزدىدىڭ،
كۆپ يالۋۇردۇڭ، كەل دەپ زارلىدىڭ.
مانا كەلدىم.
خوش...

فائۇست

— قانداق دەھشەت!

روھ

— كەل، كەل دېدى ئۆزى بىتاقەت،
ئۆزى قىلدى كۆرمەكنى ئارزۇ.

رەھىمىم كېلىپ يەرگە چۈشتۈمۇ
«دەھشەت» دەيدۇ، ئاللا كارامەت.
قېنى جۇرئەت، ئەي ئالىي ئادەم!
تۇيغۇلىرىڭ يالقۇنى قېنى؟
ھە، ئىجازەت كۆرمەككە مېنى!
بەلكى مەندىن تىلەرسەن ياردەم؟
سەنمۇ ئاشۇ فائۇست، مەن بىلەن
مەغرۇر تۇرۇپ سۆزلىشەلىگەن زات؟
كەلدىم ـ نېچۈن ئېغىز ئاچمايسەن،
ئېيت، غۇرۇرۇڭ بولدىمۇ بەربات؟
قورقۇنچتا تۇرىسەن تىترەپ،
ئېچىنىشلىق ئەھۋالىڭ ئەجەب.

فائۇست

— ياق، روھ! قورقىنىم يوق! سۆزۈڭ بىئاساس.
مەن فائۇستمەن — سەندىن زەررە كەم ئەمەس.

روھ

— مەن ھاياتنىڭ دولقۇنىدا مەن،
ھەرىكەتلەرنىڭ بورىنىدا مەن.
يالقۇنىمۇ، سوغىمۇ يار مەن،
ھەممە يەردە ھەر قاچان بار مەن:
تۇغۇلۇش، ئۆلۈش
نىسبىتىدە مەن.
دائىما ئۆسۈش

خىزمىتىدە مەن.
مەن دەريا دۇرمەن،
دولقۇنمەن — سەلمەن.
مەن دەستىگاھمەن —
يىپەك يىپ بىلەن.
زامان ئاتلىق كەشتە تورىنى يەر ئۈزرە يېيىپ،
تون تىكىمەن ئىلاھىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ.

### فائۇست

— ئەي سەن، تىرىكلىكنىڭ تىنچسىز داھىيسى —
مېنىڭ تىمسالىم.

### روھ

— ياق! ئەقلىڭ زىياسى
كەشىپ قىلغان، روھ پەقەت ساڭا ئاشنا.
مەن ئەمەس ئەسلا!

(غايىب بولىدۇ)

### فائۇست

(ئەلەمبىلەن):

— سەن ئەمەسمۇ؟
بولمىسا ئۇ كىم؟
قىلمەن ساڭا ئىلتىجا تەڭرىم.

نېمه ئىشتۇر بۇ، نېمه سەۋەبتىن،
ئاشۇ گۇمراھقا تەڭ بولالمىدىم؟

(ئىشىك چېكىلىدۇ)

**مانا خالاس! غايەت بىمەھەل تەشرىپ!**
**مەن روھ ۋىسالىغا بولغاندا مۇشرىپ،**
**كەيپىياتىمنى بۇزار بەتچىراي غالچە،**
**مىلجىڭ قىرائەتخان بۇ موللا بەچچە.**

(گەچلىك پېپەنچا ۋە بۆك كىيگەن ۋاگنېر چىراغ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. فائۇست خۇش ياقمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قايرىلىدۇ)

**ۋاگنېر**

— كەچۈرۈڭ، يۇنانىڭ ياجىنەسىدىن
ئوقۇغان بولسىڭىز شېئىر مۇبادا؟
جۈرئەت قىپ كىردىم، مەقسىتىم سىزدىن
شېئىر ئوقۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىش - ئۇستا!
ۋائىز ئالماق بولسا ئابروي چوققىسىن،
ئۇ ئاكتىيورغا شاگىرت بولۇپ ئوقۇسۇن.

فائۇست

— ئەگەر ۋائىز بولسا ئاكتىيور ئۆزى ھەم،
يۇنداق زاتلار، ئاخىر، ئەمەس بىزدە كەم.

ۋاگنېر

— بىز ئۈيدە تۈن ۋە كۈن قىلىمىز خىزمەت،
ئالەمنى كۆرىمىز بايرامدا پەقەت.
شۇ ھالدا مۇمكىنمۇ ئەلنى باشقۇرماق،
ئىبادەت ئەھلىدىن بىز غايەت يىراق.

فائۇست

— ھەقىقىي ئىقتىدار بولمىغان جايدا،
پېشانە تەرىدىن قانچىلىك پايدا؟
ئەقىل ۋە ئىدراكتا بولسىلا ئۈستۈن،
بولىدۇ ۋائىزنىڭ ئىمانى پۈتۈن.
كىمكى بولسا گول، ئەقلىمۇ ئۆتمەس،
ئايان ھەقىقەتتىن بىر قەدەم ئۆتمەس.
بولمىغاچ يېگىلىق ئىزدەشكە تاقەت،
ئۆزگىنىڭ پىكرىنى تەكرارلار پەقەت.
بۇنداقلار بەزىدە تاپىدۇ ئابروي،
بەزىبىر غاپىللار، گۆدەكلەر ئارا.
ۋە لېكىن بولمىسا پىكىر ۋە تۇيغۇ،
يۈرەكتىن يۈرەككە يول يوقتۇر ئەسلا.

ۋاگنېر

— ۋە لېكىن چوڭ كەپتۇر ئاۋاز، ئۇسسۇل ھەم،
سېزىمەن، تەجرىبەم شۇ جەھەتتە كەم.

### فائۇست

— ھەقىقىي ئابرويغا ئېرىشمەك كېرەك،
مەنە دەڭ، بېرىلمەڭ ھەرگىز ئاھاڭغا.
قۇرۇق سەپسەتەيۇ، ۋەز - نەسىھەتلەر،
ئورناشماس قەلبلەر تەكتىگە ئەسلا.
كۆڭلىدە شەۋق ئوتى بولغان كىشىگە،
يوق ھاجەت چىرايلىق سۆزلەر ئىزدەشكە.
گەر مەنە بولمىسا، قاپىيىلىك سۆز،
ئاھاڭدار جۈملە ۋە چىرايلىق ماقال.
كۆڭۈلنى غەش قىلار، گويا سوغۇق كۈز —
خازان ياپراقلارنى ئۇچۇرغان شامال.

### ۋاگنېر

— ۋە لېكىن ئۆمرىمىز قىسقىدۇر غايەت،
ئۇزۇندىن ئۇزۇندۇر بىلىمنىڭ يولى.
ھېلىتىن چاتاقتۇر بۇ كەمىنىڭىز،
چۆچۈتەر شۇ ئۇزاق سەپەر مۈشكۈلى.
ئۆمرىنىڭ تېگىنى بىرەر بەزىلەر،
يەتمەكلىك يولىدا بۇلاق بېشىغا.
ۋە لېكىن يېقىلار يېرىم يولىدىلا،
ئۇرۇلۇپ جانبازلىق قورام تېشىغا.

### فائۇست

— تەپەككۇر مەنبەسى كىتابتا ئەمەس،
بېسىلماس تەشنالىق قەغەز توپىدىن.

ھاياتتا ئىنتىلگەن، ئىزدەنگەن كىشى،
تاپار سىر بولىقىن ئۆز دىل - قەلبىدىن.

ۋاگنېر

بېراق بۇ ئالەمدە ئەڭ گۈزەل ۋە ساز
ئۆتمۈش ئەسىرلەرگە ئەيلىمەك پەرۋاز.
نەقەدەر زوق بېرەر ئۆگەنمەك، بىلمەك —
ئۇزاقلاپ كەتكەننى ئۇلاردىن بىز بەك.

فائۇست

— سىزنىڭچە ئۇلار يەر، بىز ئاسمانكەنمىز،
ئۆتمۈش ئەسىرلەرگە پوت ئاتماڭ ھەرگىز!
بۇزالمايمىز سىرلىق مۇزېي مۆھرىنى.
مۇدەررىسلەر ئېيتقان زامان روھىنى.
ئۇلارنىڭ ئۆز روھى، پىكرى دەپ ئاڭلاڭ.
بۇ ئۆتمۈش ھەققىدە چۆچەكتۇر بۇنى —
ھەقىقىي ئۆتمۈش دەپ ئېيتىشار ئەتتەڭ.
بەزىلەر ئۆتمۈشنى قىلغاندا خىيال،
كۆرۈنەر بىر ھۇجرا - لىق ئەسكى - تۈسكى.
بەزىلەرگە بولسا ئۆتمۈش بەمىسال
كۆرۈنەر بولۇپ بىر قورچاق ئويۇنى.
دېمەك ئەجدادلار بولغانمىش بىر چاغ
ئۆزگىنىڭ قولىدا تىرىك ئويۇنچاق.

ۋاگنېر

— دۇنياچۇ؟ ھاياتچۇ؟ ئادەمزات ئۈستى،
بىلمەككە ئالەمنىڭ سىرىنى تولۇق.

### فائۇست

— نېمە شۇ بىلمەكلىك؟ گەپ شۇندا، دوستۇم،
بۇ ئىشتا بار يەنە كۆپلىگەن توسۇق.
تىلسىمات قۇلۇپىغا ئاچقۇچ تاپقانلار،
قەلبلەر ئىشىكىن داغدام ئاچقانلار،
ھەممىگە ئايانكى دەپسەن قىلىندى،
تاشلىنىپ گۇلخانغا، بۇتقا ئىسىلدى.

### ۋاگنېر

— گەر مېنىڭ مەيلىمچە بولسا تاڭغىچە
بۇ ئەجەب سۆھبەتنى داۋام قىلغۇم بار.
ۋە لېكىن ئەتە ھېيت، تېپىپ پۇرسەت كەچ،
كىلىمەن، بىر مۇنچە سوئاللىرىم بار.
مەن كۆپ ئوقۇيمەن، بىلىمەن خېلى
ۋە لېكىن مۇكەممەل بىلىپ ئالغۇم بار.

(چىقىدۇ)

### فائۇست

(يالغۇز)

— ئۇرىدۇ ئوت، چوغقا تەنتەك ئۆزىنى،
خەزىنە ئىزلەيدۇ سالماق ئۈچۈن چاڭ.
دۇر ئىزلەپ ھەريانغا تىكەر كۆزىنى،

بىلمەيدۇ تاپقاندا خۇشلۇقنى گالۋاڭ.
مەن بۇندا روھ بىلەن قۇرغاندا سۆھبەت،
مېنى لال قىلغاندا سەھەر سىماسى،
ئۇ بۇزدى كەيپىمنى، تەشەككۇر ساڭا
دوزاخلار ئىچىدە ئەڭ پەس گاداسى!
ئەقلىمدىن ئازاتتىم يالغۇز ئېھتىمال
ئەگەر سەن ئىشىكىمنى ئاچمىغان بولساڭ.
ئالدىمدا روھ گويا يوغان بىر دىۋە،
مەن كىچىك ئادەممەن تۇراتتىم گاراڭ.
مەن تەڭرى بەندىسى سانالغان بىر زات
ئۆزۈمنى ئىلاھ دەپ ساناپ كەپتىمەن.
مەغرۇرلۇق كۆزۈمنى كور قىپتۇ ھەيھات،
ھەددىمدىن كۆپ ئاشتىم، كۆپ ئەيىبلىكمەن.
ئۆزۈمنى ئاسمانچە چاغلاپ مەن گالۋاڭ.
مەن دېدىم ئەۋلىيا، دېدىم مەنەلھەق.
سانىدىم ئۆزۈمنى پەرىشتىدەك پاك،
داھىيدەك مۇقەددەس ھۆكۈمۈم مۇتلەق.
شۇ غۇرۇر تۈپەيلى مەن تىرىك ئۆلدۈم،
چاقماقتەك بىر سۆزدىن مىڭ پارچە بولدۇم.
شەرمىسار قىلماقتا ھەققىڭ بارمېنى، —
روھ! مەجبۇر ئەتتىمۇ كېلىشكە سېنى.
تۇتۇپ تۇرالمىدىم ۋە لېكىن بىردەم،
قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ چەكسىز بىر ئەلەم.
گوياكى ئاسماندىن تاشلىدىڭ مېنى،
باسماقتا دەھشەتلىك بىر كۈچ يەلكەمنى.
شۇ شېرىن ئارزۇلار نېم بولدى ئەمدى،
ئۆتەيمۇ يار قىلىپ خىياللىرىمنى؟

راست! ھايات زەخمىتى قىنالماس بىزنى، —
ئۆزىمىز تونىمىز ئۆز يولىمىزنى.
قورساق دەپ ئۆتىمىز پانى دۇنيادىن،
يۈرەك تەشنالىقى بىزگە بىگانە.
يۈكسەك مەقسەتلەرنى كۆزلىگەن ئادەم
بىزلەردە سانىلار دەللى دىۋانە.
ئەڭ گۈزەل، بىغۇبار، سىرلىق تۇيغۇلار
ھايات گىردابىدا تونزۇپ يوقىلار.
گاھ ئىلھام جۇش ئۇرسا دىللار تەكتىدە،
ئورنىنى تۇمانغا كۆكتە ئۇچىمىز.
لېكىن يەلكىمىزگە ئېسىلغان خۇرجۇن،
باسقاندا شۇ ھامان يەرگە چۈشىمىز.
سەپسەتە ۋىجدانغا گىردم، ھەل بولۇر،
ئۆزىمىز بوشاڭمىز، ھالىمىز خاراب.
شەپقەت، نومۇس دەيمىز، ئەسلىدە بولۇر
ئاجىزلىق يۈزىگە تارتىلغان نىقاب.
خىلمۇخىل سەۋەبلەر، ھەرخىل ئۆزرىلەر،
كۆڭۈلنى ئالداشنىڭ بانىسى پەقەت.
بالا - چاقا دەيمىز، ئۆي - جاي ۋە خوتۇن...
قـورقمايمىز گاھ ئۇتتىن، گاھ سۇدىن شۇ پەيت.
ياق، بۇلار ئاجىزلىق سالغان قورقۇشتىن،
ھارغىنلىق ھەم ئاشۇ ئاجىزلىق پەقەت.
مەن ئاللا بەندىسى؟ ياق، بەكمۇ ئايان.
كائىنات ئىلكىدە مەن بىر ئاۋارە،
مەھكۇمەن سورۇلۇش ۋە چاك يۇتماققا،
ئاياغلار ئاستىدا بولماققا پارە.
ھە، ئۆمرۈم ئۆتمەكتە چاك - توزان ئىچرە،

ئەتراپىم كىتابتۇر، ئۆزۈم ئوتتۇرىدا.
ئەسكى ـ تۈسكى تولغان كىتابلار بۇندا،
ھەممىسى تامامەن توزان ئىلكىدە.
تاپارمەنمۇ بۇندا نېمە ئىزدىسەم؟
ھە، مىڭلاپ كىتابتىن تاپتىم بىر مەنا.
دائىما ئازابتا ياشىغان ئادەم —
سائادەت ھەمىشە بولغان ئىستىسنا.
ئەي باش سۆڭىكى، ئىرجىيىپ ھامان،
تۇرامسەن مەسخىرە قىلىپ يەنە ھەم.
يا سېنىڭ ئىگەڭمۇ مەندەك بىر زامان،
شادلىق، بەخت ئىزدەپ قۇچقانمۇ ئەلەم.
ئەي، باغرى ئېزىلگەن ھەر خىل شىشىلەر —
خىمىيە ئەشيالىرى، كۈلمەكتىسىز جىم.
مەن سىزنى ئاچقۇچ دەپ بىلدىم مۇقەررەر،
ئېچىشنىڭ يولىنى تېخى بىلمىدىم.
تەبىئەت ئۆز سىرىنى خۇددى گەنجىدەك*،
تىلسىمات قاپقىدا ساقلاركەن نىھان.
ئېچىشقا ناقابىل ھەر قانداق ئاچقۇچ،
پاچاقلاپ كىرەلمەس ھېچبىر پالاخمان.
ئەي، قولۇم تەگمىگەن سۇنۇق ساپاللار،
خىمىيە ساھىبى قالدۇرغان بىسات،
ئەي سىز قايسى چاغ، قايسىبىر، خەتتات،
قالدۇرغان قەغەزلەر ـ نە ئەجەب ھاللار،
شۇنچە يىل سىلەرگە قىلغۇچە تاقەت
بولمامتى بىر يولى ئەيلىسەم بەربات؟
مىراس ساقلىماققا لايىقتۇر پەقەت،

* گەنجى — بايلىق.

ئۆزىمۇ بىر مىراس قالدۇرغۇچى زات!
ماڭا يىغار پەقەت بىچارە بېخىل،
ھەر يېڭى مەۋسۇمنىڭ مېۋىسى ئېسىل.
ئەجەبا، نېمىشقا تارتار كۆزۈمنى
مىسالى ياقۇتتەك، بۇ سىرلىق شېشە.
بولىمەن يۈرگەندەك ئايدىڭ، تۇماندا،
شۇ سىرلىق شېشىگە باقسام ھەمىشە.
سېنى ئالقىشلايمەن، ئەي قۇتلۇق شەربەت،
تەلپۈنەر ۋۇجۇدۇم سەن سايان پەقەت،
ئىنسانلار ياراتقان ئەڭ بۈيۈك نېمەت!
سەندە باقى ئالەمنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى،
سەندىدۇر ئۆلۈمنىڭ ئەڭ زور ئوغىسى،
كەل، ئىچەيلى رىڭگا بەر بولغان نىجاھ!
كۆز تىككەم مەن ساڭا ئۇنتۇلار دەردىم،
گەر ئالسام قولۇمغا تىنچلىنار قەلبىم.
تىنچلىنار ئىسيانكار يۈرەك جۇشقۇنى.
سېنى ئۆز پەيزىگە چىللار يىراقلار،
چىللار يېڭى كۈنلەر، يېڭى قىرغاقلار،
چەكسىز قايناملارنىڭ نۇرلۇق دولقۇنى.
ئەنە، ئۇچۇپ كەلدى ئوتتەك ئارغىماق،
ئۇنىڭ قانىتىدا ئۇچماق ئىستەيمەن.
بىلسىڭىز بۇ ئالەم، سىرلىق بىر راۋاق
باغرىغا ئېتىلماق، قۇچماق ئىستەيمەن.
بىراق مەن شۇنچىكىم — خەستەك توۋەن زات،
فىكرى ھۇزۇرىغا يەتسەم - ئېرىشسەم!
يۈز ئۆرى زېمىن ۋە كۆندىن ئەي ئادەم،

بىر يولى ئۆمرۈڭنى قىل تامام بەربات!
ئادەمزات ئەقلىگە دەھشەت سالغۇچى
ئاشۇ دەرۋازىنى قىلغىنىۇ يەكسان،
تەڭرىلەر ئالدىدا ئىنسانىنىڭ كۈچى
زەررىمۇ كەم ئەمەس ـ قىلغىن نامايان.
مەيلى گىردىبادۇ* دەھشەت ئاستانە
رىۋايىتى بىلەن قورقۇنچ سالسىمۇ،
خىيالەن ياراتقان سۈرلۈك ئەپسانە
جەھەننەم ئىلكىگە سېنى ئالسىمۇ،
ئاشۇ ئاستانىگە قوي دادىل قەدەم،
مەيلى ھەتتا سېنى قۇچسىمۇ ئادەم.
كەل ئەي ئەجدادلاردىن قالغان مەي كاسا،
كونا غىلاپىڭنى تەرك ئەيلەيۇ چىق.
سېنى ئۇنتۇغانىدىم بىر زامان راسا
بوۋىلار بەزمىسىدە جىلۋىگەر، يېنىق —
ئالماس قىرلىرىڭ يالتىراپ ـ چاقناپ،
تالاي سورۇنلارنى قىلغاندى ئاۋات.
سېنى قولغا ئېلىپ شۇ بەزمە ئەھلى،
كۈيلەشكەن، ئوقۇشقان مەدھىيە ساڭا.
ئىچىشكەن شادلىققا تولۇشۇپ قەلبى.
ئاشۇ شاد كۈنلەرنى ئەسلەتتىڭ ماڭا.
ۋە لېكىن ياڭرىماس كۈيلىرىم ئەمدى،
چۈنكى لەۋ ئاچماققا بولماس ھېچ پۇرسەت.
نەچچە يىل قۇيۇلدى، قارايدى، تىندى.
مەن ئۆزۈم ياراتقان بۇ سىرلىق شەربەت.
مەن ئۇنى ئىچمەن يېگانە بۈگۈن
كەلگۈسى، قۇياشلىق يېڭى تاڭ ئۈچۈن.

* گىردىبادۇ — قويۇن، چاڭ ـ توزانلىق بوران.

(قەدەھنى كۆتۈرىدۇ)

دەل شۇ چاغدا قوڭغۇراق ۋە يېقىملىق ناخشا ئاۋازى كېلىدۇ.

مەلىكىلەر قوشىقى

تىرىلدى ئەيسا!
بەندىلەر ئازاد،
گۇناھلار بەربات،
ئەي مۇلكى ئاۋات،
ئاپىرىدىن ساڭا.

فائۇست

بۇ ئىلاھىي ئاۋاز لېۋىمدىن
ئالدى تارتىپ ئەجەل شەربىتىن.
خەۋەر قىلدى قوڭغۇراق بۇدەم
ئەلگە قۇتلۇق ئەييام سائىتىن.
خۇددى شۇنداق، دەپنە تۈنىدە
مەلىكىلەرنىڭ قوشاق ئۈنىدە
ئالەم ئۈمىتى ھەددىس ھېكمىتىن.

ئاياللار قوشىقى

ئەيلەپ ئىپاردا
خۇش پۇراق بويلۇق
تۈنى ئاۋايلاپ
تاۋۇتقا قويدۇق.

كېپەندە ئۇدى
ئەيسانىڭ تېنى.
ئۇ يوقىتۇ ئەمدى،
قېنى ئۇ، قېنى؟

## مەلىكىلەر قوشىقى

تىرىلدى ئەيسا!
كىم دەھرى چاپپار—
جەبرىگە تەييار،
دائىم ئۇمىدۋار،
ئاپىرىن ئاگا!

## فائۇست

ساماۋى سادالار، ئىلاھىي كۈيلەر،
ياڭرايسىز نېمىشقا مېنىڭ خانەمدە؟
ئەمەسمۇ ئورنىڭىز ئۆزگـە ئالەمدە،—
ئىمان ۋە دىيانەت بۇندا نە ئەيلەر؟
مۆجىزە، ئىماننىڭ بۈيۈك پەرزەنتى،
مېنى قىلدۇرماس ساماغا پەرۋاز.
بىراقتـا ئۇ ياڭراق ئىلاھىي ئاۋاز
قىلماقچى بىلىشقىدىن مېنى ئۆز بـەنتى.
ھاياتقا باغلىدى كۆڭلۈمنى يەنە—
مىسالى بىر زامان خاتىرجەم ئىنچ.
شەنبە ئاخشـىمىدا گۈدەك پېشانە—
ئۆززە قويغاندەك سـاملىق سۆيۈش.
باللىق كۈنلىرىم يادىمدا ھامان،

قوڭغۇراق ئۈنىنى ئاڭلاپ ناگىھان،
ئىبادەت سۆزلىرى ياڭراپ لىۋىمدە
خىيالىم ئۇچاتتى داللار تامان.
هايلاجان قوينىدا ياش تۆكۈپ كۆزۈم-
ئاچاتتى ماڭا يۈز يېڭى بىر جاھان.
ئويغاندى يادىمدا ياشلىق ۋە باھار،
ئويغاندى شۇ جۇشقۇن بەختىيار چاغلار.
شۇ تۇنجى خاتىرە تۇتتى قولۇمدىن،
بىر يولى قۇتقۇزدى مېنى ئۆلۈمدىن.
يەرگە ئېلىپ چۈشتى قايتا تەپەككۇر،
كۆزۈمدىن ياش ئاقار يەنە تېنىمسىز.
ئىلاھىي ساداللار، ياڭراڭ ئۆزلۈكسىز،
شۇ لۇتپىڭىز ھەققىي، سىزگە تەشەككۇر.

## تالىبەلەر قوشىقى

ئۆلۈم تاڭ قالدى،
تەرك بولدى تاۋۇت.
كۆككە يول ئالدى
ئۇ مۇشرىپ، سابىت.
ئەلنى قاندۇردى
مېھرى زىياغا.
بىزنى قالدۇردى
پانى دۇنياغا.
بىز ئالەم ئارا.
ھەممە غەم بىلەن.
كۆڭلىمىز ئەما،
ئۇستاز! سەن بىلەن.

## مەلىكىلەر قوشىقى

ئۆلۈمنى يەڭدى
ماسىھى ئەكرەم.
پاچاقلاك ئەمدى
كىشەنلى سىز ھەم.
ئۇنىڭ ئىشقىنى
پۈكۈپ قەلبىگە،
ئۆتسە كىم ئاگا
ئوقۇپ مەدھىيە،
كىم يەنە تاپقان
پارچە نېنىنى،
دوستىغا تەۋە
كۆرسە تېگىنى،
بەرسە سەدىقە
ئايانماي ھەردەم،
ئەيسا ئۇنىڭغا
مەڭگۈلۈك ھەمدەم.

## شەھەر دەرۋازىسى يېنىدا

كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىقىشماقتا.

### بىر نەچچە شاگىرتلار

دوستلىرىم قاياققا؟

باشقىلىرى

ئۇۋغا — ئورمانغا.
سىزلەرگە يول بولسۇن؟

بىر نەچچىلىرى

ھە، تۆگمەن ياققا!

شاگىرتلارنىڭ بىرى

ئاجايىپ بەلەن جاي! كەيپىڭ بولۇر چاغ!

ئىككىنچىسى

مەن يەر بەك بىمەنە، يولىمۇ يىراق.

ئىككىنچى توپتىن بىرى

سەنچۇ؟ ئورمانغىمۇ ياكى تۆگمەنگە؟

ئۈچىنچى شاگىرت

مەن بىر، كۆپچىلىك ماڭغان تەرەپكە.

### تۆتىنچىسى

ياخشىسى بۆرگدارىپكە بارايلى دوستلار
تېپىلار پېۋىمىز ھەم جانان قىزلار.
خىل بىزنىڭ باللار، چىقىرىمىز جەڭ.

### بەشىنچىسى

گېپىڭدىن مەلۇمكى، سەن ياسانچۇقنىڭ
كالتەكنى سېغىنغان چوقۇملا تېنىڭ،
مېنى قوي، خالىساڭ كېتىۋەر ئۆزۈڭ.

### خىزمەتكار قىز

ياق بولدى، ياخشىسى ئۆيۈمگە ياناي.

### باشقا خىزمەتكار قىز

قاپىمىز تېرەكلىك كەينىدىن ئۇنى.

### بىرىنچىسى

كەينىڭدىن ئەگىشىپ نېمىمۇ قىلاي،
ئۇ يىگىت پەقەتلا كۈتىدۇ سېنى،
ئىككىڭلار ئۇسسۇلغا چۈشسەڭلار يايراپ،
يالغۇزمۇ ئەخمەقتەك تۇرسام مەن قاراپ.



## ئىككىنچىسى

مېنىڭچە يالغۇزلا كەلمىسە كېرەك،
بىلىدۇر ھېلىقى چېچى چىڭگىلەك.

## تالىپ

ئەنە، قولتۇقلىشىپ كېلەر ئىككى قىز،
ئالايلى بۆلۈشۈپ ھەردىن ئىككىمىز.
تۇتسىمۇ جانانلار ئاسماندىن ماكان،
بىز قايتقان ئەمەسمىز، دوستۇم، ھېچقاچان.

## شەھەرلىك قىز

مېسى بارمۇ، ئۇ ئىككى تالىپ —
ئۆزلىرىنى قىلار نامايىش.
بىزدەك خانىملار بۇ ياقتا قېلىپ،
چۆرىلەرنى قىرغىلار، قىزىق ئىش؟!

## ئىككىنچى تالىپ

(بىرىنچىسىگە)

توختىغىنا بۇرادەر، ئەنە —
ئىككى خانىم كېلەر بۇياققا.
ماڭا تونۇش ئۇلارنىڭ بىرى،

باۋايلى قېنى دەرھال شۇ ياققا.
ئالساق تونۇشۇپ قەدىردانلارچە،
قىلىمىز سەيلە شاد - خۇرام بىللە.

## بىرىنچى تالىپ

قوي ئاداش، ئۇلارنىڭ ھالى بەك ئۇستۈن،
ماس بىزگە پەقەتلا خىزمەتكار قىزلار.
سۈپۈرگە تۇتقان ئۇ قوللار شەنبەكۈن،
يەكشەنبە يالقۇنلۇق بويغا چىرمىشار.

## شەھەرلىك

يېڭى بۇرگاستىر — بۇ يېڭى قايغۇ،
كۈنسېرى تۇمشۇغىن كۆتۈرمەكتە ئۇ،
زەررىچە نەپ كۆرمەس ئۇندىن خالايىق،
بۇيرۇق چىقىرىشنى بىلىدۇ پەقەت.
كۈنسېرى كېمىيىپ ئەلگە مەرھەمەت،
كۆپىيىپ بارماقتا كۈنسېرى سېلىق.

## تىلەمچى

(مۇناجات قىلىپ)

ماڭماقتىمىز سەپەرگە،
مەرد يىگىت، خۇش سەنەملەر!
ئاچ - زېرىن بىر گاداگە

شەپقەت قىلىڭ، ئادەملەر.
بايرىمىدۇر خۇدانىڭ،
خەير قىلىڭ ھەق ئۈچۈن.
قارنى تويسا گادانىڭ
بايرام ئاشا ئاشۇ كۈن.

## ئىككىنچى شەھەرلىك

شۇنداق بايرام كۈنى بىر باغدا،
ئولتۇرساڭ، قىلىشساڭ سۆھبەت.
بىراق تۈرك تىلى — جەڭگاھتا
ئېلىشقىنى ئىككى چوڭ ياۋنىڭ
سۆھبەتنگە بەرسە تەم - لەززەت.
كۆڭۈللۈك ھەم كەچكى شەپەقتە
كىملەر ئۈزگەن دەرياغا باقماق.
ئاندىن كىرىپ ئىسسىق ئورنۇڭغا،
بۇ كېچىدىن سۆيۈنۈپ ياتماق.

## ئۈچىنچى شەھەرلىك

مېنىڭمۇ پىكرىم شۇ، مەيلى بۇ دۇنيا
ئۆز ئەھلى قېنىغا بويالسۇن تامام.
يوقالسۇن ھەممىسى كۆمپەيكۈم بولۇپ،
بولغىنى ئۆيۈملا بولسا تىنچ ئامان.

## موماي

(شەھەرلىك قىزلارغا)

خۇددى گۈلدەك ياسانغان قىزلار
باقمايسىلەر ماڭا نېمىشقا؟
مەن قادىرمەن كۆڭلۈڭلەردىكى
تىلەكلەرنى بەجا قىلىشقا.

بىرىنچى قىز

ئاگاتا! مومايدىن ماڭغىن نېرىراق،
ئۇ غايەت ئالدامچى، جادۇھمۇ تەل.
ۋە لېكىن بىر كۈنى ئەينەكتە ماڭا،
كۆرسەتتى كەلگۈسى سۆيگىنىمنى دەل.

ئىككىنچى قىز

ماڭمۇ كۆرسەتتى: سۆيگىنىم قولغا
قىلىچنى چىڭ تۇتقان باتۇر ئەسكەرمىش.
ھەر كۈنى تاڭ بىلەن قارايمەن يولغا،
ۋە لېكىن كۆرۈنمەس يارىم ماڭا ھېچ.

ئەسكەرلەر

تەگسىز قۇدۇقلار،
ئېگىز بىنالار،

شۇ ئاھۇ كۆزلۈك
گۈزەل دىلدارلار
بىز ھۇجۇم قىلساق
بىرەلمەس بەرداش!
ئارتۇق نە كېرەك
ساڭا، ئەي يولداش!
چىللايدۇ جەڭگە
بۇرغا ئاۋازى.
ماڭا تەئەللۇق
كۆزلىرىڭ نازى.
ياڭرا ئەي بۇرغا،
بىزگە تىز پۈكەر
ئىستىھكاملارۇ
ئەڭ گۈزەل ھۆرلەر.
مۇكاپات ئۈچۈن
جەڭ قىلار سولدات،
مەرد سولدات ئۈچۈن
شۇ زور مۇكاپات.

فائۇست بىلەن ۋاگنېر

فائۇست

مانا، دەريالارنى كۆكلەم ساباسى
مۇزلۇق ئىسكەنجىدىن قىلماقتا ئازاد.
باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق زىياسى
ئاياز سەلتەنتىن قىلدىيۇ بەربات —
قىش غار - ئۆڭكۈرلەردە ساقلاپ جېنىنى،

ئوتلاقلارغا چاچار قار بورىنىنى.
ۋە لېكىن تاڭ بىلەن ئويغىنىپ قۇياش،
قىش ئىزىنى سۇپۇرەر مىسالى پەرراش*.
يايىسىمۇ زۇمرەت گىلەمنى باھار،
چېچەكتىن خالىدۇر چەكسىز دالالار.
گۈل يوقۇ گۈللەردەك ياشناپتۇ كۆركەم،
بايراملىق كىيىمدە مىڭلىغان ئادەم.
قىيادىن تىكىلسەك شەھەرگە ـ تۆزگە
بىر ئېسىل مەنزىرە تاشلىنار كۆزگە.
شەھەر دەرۋازىسى بۈگۈن كەڭ ئېچىق،
دىمىقتى ئۆيىدىن چىقىپ خالايىق —
قالماستىن كۆڭلىدە قىشتىن ھېچ غۇبار،
ياشارغان دالادا بەزمە قۇرۇشار.
تەڭرىمۇ تىرىلگەن بۇ كۈن، بەئەينى
تىرىلگەن قايتىدىن ئۆزىمۇ ئۇلار.
چىقىشقان ھەممىسى خالاس بولۇشۇپ.
ۋەيرانە ئۆيلىرى، ئورنىدىن بۈگۈن.
ئەسلىدە دەستىگاھ قۇلى ھەممىسى،
بايراملا ئۇلارنى قۇتقۇزار بىر كۈن.
شۇ سۈرۈن چېركاۋنىڭ تۈزۈم ـ نىزامى
قىلىدۇ ئۇشبۇ كۈن ئۇلارنى ئازاد.
ئۈستىنى قاپلىغان مۇزدىن قۇتۇلغان
دەريادەك ئاقماقتا خەلق جۇشقۇن، شاد.
دەرياغا تەلپۈنەر ئەنە خالايىق.
قىرغاقتا جايمۇ يوق قويغىلى قەدەم.
ئاخىرقى قېيىقمۇ ئادەمگە تولغان،

* پەرراش — ھويلا سۈپۈرگۈچى.

گۆتمەكتە نۆۋەتنى بىھېساب ئادەم.
ھە، ئەنە بىر ياندا شەھەرلىك ياشلار
ياسانغان قىلىشماي بىرى - بىرىدىن.
يايرىشىپ شاد - خۇرام ئويناي‌دۇ ئۇسسۇل
دېھقانلار ھەم چىقىپ تار گەمىسىدىن.
مەن شۇلار ئىچىدە بولۇرمەن شادمان.
شۇ يەردە سېزىمەن ئۆزۈمنى ئىنسان.

## ۋاگنېر

مەن ئۈچۈن سىز بىلەن سەيلە قىلماقلىق
ھەم پايدا كەلتۈرەر، ھەم كاتتا شەرەپ.
ۋە لېكىن ئۇچرىشىش ئاددىي خالايىق،
قاچۇرماق ئۆزۈمنى ئادەت ھەم ئەدەب.
چۈنكى قانداق سورۇن تۈزمىسۇن دېھقان،
ئاخىرى بولىدۇ جاڭجال، توپىلاڭ.
ئۇلارنىڭ ئويۇنى ۋە چالغان نېيى
بىز ئۈچۈن بىگانە، يوچۇن ھەر قاچان.

## دېھقانلار

(ئارغۇۋان تېگىدە ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ)

قىزلار بىلەن ئويناشقا ئۇسسۇل
چىقتى چوپان ئەھلى بىر ئوغۇل،
كەمزۇلىغا كۆركەم گۈل تاقاپ.
ئارغۇۋانلار ئاستىدا بۇ كەچ

قىزىپ ئۇسسۇل توختىمىدى ھېچ،
غەجەكلەرمۇ تىنمىدى ياڭراپ.

چوپان توپقا ئۇردى ئۆزىنى،
بىر جانانغا تىكتى كۆزىنى،
جانان ئىدى ئاھو كۆزلۈك قىز.
لېكىن ئاڭا دېدى قىز سىلىق:
«كۆزىڭىزگە قاراپ يۈرسىڭىز —
بولماسمىدى، بۇ نېمە قىلىق؟»

ئالەم نېمە، چوپان ئۇنۇتتى،
جانان قىزنىڭ قولىدىن تۇتتى،
تارتتى ئۇسسۇلغا چەرخ ئۇرۇپ شۇئان.
قىز بېلىگە ئۆتتى بىلىكى.
لەپىلدىدى قىزنىڭ كۆڭلىكى،
يۇلقۇنار قىز، چىڭ تۇتار چوپان.

قىز يالۋۇرار: «مېنى تۇتماڭ!» دەپ
«ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلماڭ دەپ، —
ئالدايسىلەر ھەممىڭلار، ئايان!».
لېكىن يىگىت شەۋقى ئۆرلەپ،
قىزنى تارتىپ سىرتقا جۆنىدى.
غەجەك كۈيلەر يىراقتا ھامان.

## بوۋاي

رۇخسەت قىلىڭ خەلق نامىدىن،
سىزگە ھۆرمەت قىلىمەن ئىزھار.

شۇنداق يۈكسەك ئىلمىڭىز بىلەن،
كۆرمىدىڭىز ئەل كېزىشنى ئار.
ھەممە سىزگە قىلمىز تاۋاب،
بۇ قەدەھتە لىيمۇ لىپ شاراپ،
بۇنى قوبۇل قىلغايسىز دوكتور،
قانچە ئامچە بولسا قەدەھتە،
شۇنچە يىل ئۆمۈر كۆرۈڭ جەننەتتە.

## فائۇست

كۆڭلىڭىزگە مىڭ مەرتە رەھمەت،
ياشاڭلار سىلەرمۇ شۇنداق سالامەت.

(خەلق ئۇلارنى قورشايدۇ)

## بوۋاي

توغرا ز، يادىمىزدىن چىقمايدۇ ھەسلا
سىز بۇندا جان پىدا قىلغان ئۇ كۈنلەر
خاراب يۇرتىمىزغا كەلگەندە ۋابا،
ھەرياقنى قۇچقاندا پەريادلىق ئۈنلەر.
ۋابا ۋەھىمىسىدىن ھېكىملەر قېچىپ،
ئۆلۈكلەر كوچىدا قالغاندا، ھەيھات، —
رەھمەتلىك ئاتىڭىز جېنىدىن كېچىپ،
ئېلىپ كەلگەندى بىزلەرگە نىجات.
ياخشىنا بىر يىگىت ئىدىڭىز ئۇ چاغ،
كېلەتتىڭىز بىزگە دورىلار ئېلىپ.
كېسەللەر ئالدىدا تۇرۇپ تۈن بويى،

يەنە قايتاتتىڭىز ساغلام ۋە تېتىك.
يار يۆلەك بولدىڭىز ئاجىزغا دائىم،
شۇ سەۋەب ئاسرىدى سىزنى خۇدايىم.

**ھەممە**

زەخمەت چەكمەك ئەبەدىلئەبەد،
ياشاڭ مەڭگۈ، بولۇڭ سالامەت.

**فائۇست**

نېچۈن ماڭا قىلىسىز تەزىم؟
شەپقەتچىگە باش قويۇڭ دائىم.

(ۋاگنېر بىلەن نېرىغا ماڭىدۇ)

**ۋاگنېر**

نەقەدەر قەدرى زور ئىلمۇ ھېكمەتنىڭ،
ئۇ سىزنى ھەممىدىن قىلدى ھۆرمەتلىك.
تەڭرىمىز بەخت ئەتكەن ئېسىل مېھنەتنىڭ
شادلىقتۇر پەيزىدىن پەيزى سۆرمەكلىك.
كەلدىڭىز، يورۇتتى گويا تۈننى نۇر،
كەلدىڭىز، دىللارغا تولدى زوق - ھۇزۇر.
شادلىقتىن دوپپىلار ئېتىلدى كۆككە،
توختىدى ئۇسسۇلدىن ياشلار ھۆرمەتتە.
سىزگە يول بىرىشەر سەپ تۈزۈپ قاتار،

نەقەدەر ھۆرمەت بۇ، قانداق ئېتىبار!
دەم ئۆتمەي ئېگىلەر باشلار سەجدىگە،
تەڭرى دەپ سېغىنار خالايىق سىزگە.

### فائۇست

چىقايلى بىز ئاۋۇ يانباغىرغا، يۈر،
ئۇ يەردە بىر چاغلار سۇكۇناتتا جىم
پەرىشان قىيادا ئولتۇرار ئىدىم،
روزىدىن تەن زەئىپ، كۆڭۈل بىھۇزۇر...
تەڭرىگە سېغىنار ئىدىم دىلىمدىن،
دەھشەتلىك ۋابادىن قىلغىن دەپ خالاس.
دەر ئىدىم: قۇتقۇزغىن يۇرتنى ئۆلۈمدىن!
ئاجايىپ زور ئىدى كۆڭلۈمدە ئىخلاس!
قارىغىن كۈلكىلىك ئاشۇ ھالىمغا،
بۈگۈن بىز ھەممىمىز ئەزىز كىشىمىز.
خىجالەت بولىمەن چۈشسە يادىمغا،
ئاتام بىلەن بۇندا قىلغان ئىشىمىز.
ئاجايىپ پېئىللىق زات ئىدى ئاتام،
تەبىئەت ئىلمىگە بولغان تامام بەنت.
غەيرىچە ئۇسلۇبتا تەتقىق قىلسىمۇ —
ئۆمرى ئۆتتى ھالال، شۇ ئىشقا پەيۋەنت.
ئۇنىڭ ئېتىقادى ئىدى ئەلكىميا،
مىڭ خىل سۇيۇقلار مىڭ خىل قۇتىدا.
سەپداشلىرى بىلەن بىر تار كۈلبىدە،
ھەپىلىشەتتى سەھەرگىچە تا.
كۈمۈشنى «ئېلۇپەر» دېيىشسە ھامان،

شۇ تىلدا ئالتۇننى دەيتتى «ئارسلان».
ئۇلارنىڭ «پەرزەنتى — مۇشۇك نەسلى» گە،
نام بەرگەن دېيىشىپ «گۈزەل مەلىكە».
ئۇ جولا بېرەتتى سىرلىق زىيادە،
شىپالىق دەر ئىدى ئۇنى زەپ، ھەيھات.
قالماستى ھېچ ئامان يورۇق دۇنيادا
بۇ غەيرىي دورىدىن ئۆتلىغان ھەر زات.
ئىچەتتى سەزمەستىن ئۇزىنىڭدىن خەتەر،
ئۆلگەنگە سەۋەبچى ئاتىلار ئالەم.
شۇ بىلەن رەھمەتلىك ئاتام — بۇ ئادەم،
كەلتۈردى قىرغىنلىق ۋابادىن بەتتەر.
نېمە دەي ئەمدى بۇ ھەمدۇساناغا*،
بۇندىكى تالايلاپ بىگۇناھلارغا
بەرگەنمەن ئۆز قولۇم بىلەن مەن زەھەر.

## ۋاگنېر

باق، ئۇستاز، ئۆزىنى كايىش ھاجەتسىز،
نەسەپنى ئۇ ئۆزۈپ قويار ئەكسىچە.
سىز ھەر چاغ ئاتىلار تەجرىبىسىگە،
ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەتتە ئەمەل قىلدىڭىز.
ئاتىنىڭ مەستلىكى پەرزەنتلەر ئۈچۈن،
ھەممىدىن مۇقەددەس بولۇشى كېرەك.
ئاخىرى ئوغلىڭىز چوڭ بولۇپ بىر كۈن،
سىزنىڭ يولىڭىزنى تۇتىدۇ بېشەك.

---

* مەدھىيە.

## فائۇست

بەختلىك بولسا كىم، بۇ زۇلمەت ئارا،
ھىدايەت يولىنى ئىزدەر دەمۇدەم.
ئايان نەرسىلەردىن پايدا يوق ئەسلا،
سىرلار دۇنياسىغا ئىنتىلار ئادەم.
بەس ئەمدى — گۈزەللىك، شادلىقتىن قېچىپ،
نە ھاجەت ھەر ئاخشام چەكمەك ئىزتىراپ؟
قارىغىن، كەڭلىككە ئالتۇن نۇر چېچىپ،
ئۇپۇقنىڭ كەينىگە چۆكمەكتە ئاپتاپ.
بۇ يۇرتنى تەرك ئېتىپ شەمسى* كائىنات،
يىراق ئۆلكىلەرگە قويماقتا قەدەم.
نېمىشقا، نېمىشقا يوق مەندە قانات؟
قۇياشنىڭ كەينىدىن ئۇچسامتىم بۇدەم.
بەھەيۋەت نۇرلارغا چۆمۈپ بارلىقىم،
يۈكسەك تاغلار ئۈزرە قىلسامۇ پەرۋاز،
ئېقىنلار جىلغىگە قوشالسام ناز،
ئەكس ئەتسە قۇش كەبى بەختىيارلىقىم.
قېنى نېسىپ بولسا ماڭىمۇ قانات!
ئەڭ يۈكسەك چوققىنى بىرىپ قۇچاتتىم.
ئەڭ بۈيۈك قۇدرەتنى قىلىپ نامايان
چەكسىز ۋادىلاردىن ئېشىپ ئۇچاتتىم.
شولا داستىخىنىنى يىغىشتۇرۇپ كۈن
مۆكۈنمەك بولغاندا تاغلار ئارقىغا،
كەچ كىرىپ، بولغاندا ئۇپۇق لالە گۈن

* شەمس — قۇياش.

مەن قامچا ئۇراتتىم غەيرەت ئېتىغا.
ئاخىرقى نۇرلارغا يېتىپ ئالاتتىم،
قۇياشنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئالاتتىم.
ئۇچاتتىم بېشىمدا نىل رەڭلىك ساما،
ئالدىمدا يورۇق كۈن، ئارتتا قارا تۈن.
ئاستىمدا پايانسىز جۇلالىق ۋادا...
قانىتىم يوق نېچۈن، نېچۈن يوق، نېچۈن؟
ئۇچماقنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل دائىم، — بۇ —
بارچە ئادەمزاتقا قەدىرلىك تۇيغۇ.
باغرىنى ئاچقانىدا نىل رەڭلىك ساما،
نەدىدۇر تورغايلار قىلغانىدا ناۋا،
تىنىق كۆز پەسلىدە دىلرەبا تاڭدا
سەپ بولۇپ تۇرنىلار ئېگىز ئۇچقاندا،
ھەم بۈركۈت قىلغاندا پەرۋاز كۆك سايان،
تەلپۈنەر بۇ يۈرەك ئۇچماققا ھەرئان.

## ۋاگنېر

مېنىڭمۇ سىزدەكلا ئارزۇلىرىم مول،
ۋە لېكىن يوق مەندە ئۆزگىچە ھەۋەس.
دىلىمنى بەنت قىلار نە ئورمان، نە كۆل —
قۇش بولۇپ ئۇچماقمۇ مۇرادىم ئەمەس.
خىياللار پەرۋازى كۆڭلۈم تىلىكى،
يۈرىكىم دەردىگە كىتابلا مەلھەم.
كىتابتۇر ئوي - خىيال، پىكرىم شېرىكى،
ئۇنىڭغا ئاشنادۇر كېچىلىرىم ھەم.
شادلىقتىن پەلەكتە ئۇچمەن، ئەگەر،
چۈشىلا قولۇمغا نادىر بىر ئەسەر.

## فائۇست

ساڭا پەقەت بىرلا تىلەك يار،
بىگانىدۇر ئۆزگە بىر دۇنيا.
بىلسەڭ، مەندە ئىككى يۈرەك بار،
بىر - بىرىدىن قىلىشماس ئەسلا.
بىرى ۋەتەن مېھرىگە تولۇق،
شۇڭا جىسمىم تۇپراققا پەيۋەنت.
بىرى ئۇنىڭ قۇياشتىن نۇرلۇق،
ئۇچماق بولۇر يۇلتۇزدىن بەلەنت.
قېنى ئەمدى خىيالدا ئەمەس،
راست پەتكۈزسە تەقدىرىم مېنى،
ئۇچسام ئىدىم كۆكتە بىر نەپەس،
كۆرسەم ئىدىم ئۆزگە ئالەمنى.
بولسا مەندە سېھىرلىك بىر تون،
كىيسەم، ماڭسام يىراقتىن يىراق.
جۇلدۇر بولسىمۇ مەن ئۇچۇن ئۇ تون،
شاھ تونىدىن ئەلا، ئارتۇقراق.

## ۋاگنېر

ساماۋى روھلارنى قوزغاتماڭ پەقەت،
چىللاشنى كەلتۈرمەڭ ئويغا تېخىمۇ.
ئادەمگە دۈشمەندۇر ئۇلار تولىمۇ،
ياغدۇرار زېمىنغا ئۆلۈم، پالاكەت.
گاھ ئۇلار شىمالدىن سوغ شامال بولۇپ

ئۆتىدۇ ئوق كەبى تېشىپ بەدەننى.
گاھ ئۇلار جەنۇبتىن لەرزان قار بولۇپ
غازاڭ قىپ ئۆتىدۇ باغنى، چىمەننى.
گاھىدا مەشرىقتىن بولۇپ بىر سابا —
كېلىدۇ دەرد ئېلىپ، دەردكى بىداۋا.
گاھ كېلەر مەغرىبتىن بۇلۇتلار ئېلىپ،
ياغدۇرار يېغىننى زور دەھشەت سېلىپ.
زۇلمەت روھلىرىغا ئىشەنمەڭ ئەسلا،
گەرچە كۆرۈنسىمۇ پەرىشتە بولۇپ.
جىلۋە قىلسىمۇ ھەم نۇرلىنىپ، كۈلۈپ،
كەلتۈرەر پەقەتلا ئۆلۈم ۋە بەلا.
خوش، ئەمدى كېتەيلى، چۈشتى سالقىن ھەم،
تۇمان پەردىسگە پۈركەندى ئالەم.
ياخشىدۇر بۇ پەيتتە ئۆيدە ئولتۇرماق،
دەرۋەقە، شۇ تاپتا نېمىگە بۇلداق
تىكىلىپ قالدىڭىز، ئەزىزىم، ئۇزاق؟

فائۇست

كۆردىڭمۇ، بىر پىستەك چاپار دالىدا؟

ۋاگنېر

كۆردۈم، نېمە بوپتۇ، ئاددىي بىر كۈچۈك.

فائۇست

دىققەت قىل، نېمە ئۇ، ئايلىنار نېچۈك؟

**ۋاگنېر**

ئاداشقان نەرسە ئۇ، ئادەتتىكىدەك
يۈرمەكتە ئاختۇرۇپ ئۆز ئىگىسىنى.

**فائۇست**

بارغانچە تاراراق ئايلىنىش ياساپ
يېقىنلاپ كەلمەكتە مۆلچەرلەپ بىزنى.
مېنى ئالدىمىسا ئەگەردە كۆزۈم،
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئۇنىدىن قالغان ئىز.

**ۋاگنېر**

ئاخىرى، يەنە شۇ پىستەكنىڭ ئۆزى،
راستىنلا ئالدىغان سىزنى كۆزىڭىز.

**فائۇست**

كېزىدۇ ئۇ هامان مۇشۇ دائىرىنى،
قارىغىن، جۇدۇنلۇق كۆزلىرى بۇندا.

**ۋاگنېر**

قورقۇشتىن دۈگدىيىپ، كېتەلمەي نېرى
قايلىنىپ يۈرەر ئۇ ئەتراپىمىزدا.

فائۇست

ئايلانما قىسقاردى، كەلدى! توختا، بەس!

ۋاگنېر

ئۇ ئاددىي پىستەكقۇ، ھەرگىز روھ ئەمەس.
ئەركىلەر ئەنە ئۇ، ياتماقتا يەنە،
ئىت ئىتلىغىن ئايان قىلماقتا ئەنە.

فائۇست

توختا! قورقما، كۆچۈك! كەلگىن يېقىنلاپ!

ۋاگنېر

ئاجايىپ ئىت ئىكەن، تۇرار ۋىلىداپ!
قۇلاقنى دىڭ قىلىپ قاراپ تۇرىدۇ.
توختىساق توختايدۇ، يۈرسەك يۈرىدۇ.
ئۆگەنگەن قولغا ئۇ — قاراڭ، ئولتۇرار،
تاشلاڭچۇ بىرنىمە، — دەرھال كەلتۈرەر.

فائۇست

مۆجىزە يوق بۇندا، پىكرىڭ ھەقىقەت،
ئاددىيلا ئىت ئىكەن، — كۆندۈرگەن پەقەت.

## ۋاگنېر

ئالىمغا ھەم ئەمەك ئۇچۇن ھەرنېچۇك،
كېرەك ئۆگىتىلگەن شۇنداق بىر كۈچۈك.
ئېنىقكى ئۇ دەرس ئالغان خېلىلا،
تۇرۇپتۇ كۆرۈنۈپ چىرايىدىنلا.

(شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭىدۇ)

## فائۇستنىڭ ئىشخانىسى

(فائۇست ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ)

### فائۇست

تۇمانلارغا پۈركىنىپ ياتقان،
دالالارنى تەرك ئەتتىم مانا.
ۋۇجۇدۇمدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان،
ھېسلار ئۇرغۇپ چىقماقتا مانا.
ئارام تاپتى كۆڭلۈم تۇغيانى،
تەسكىن بەردى ئىلاھى سېھىر.
يۈرىكىمدە يەنە ئويغاندى،
تەڭرى بىلەن ئىنسانغا مېھىر.

ئەي، ئىت، كۆپ يۈگۈرمە، جىم بول بىرنەپەس،
بوسۇغا تەرەپكە شوخشۇيسەن نېچۈك؟

قېنى، كىر بۇلۇڭغا، جىم يات ئەمدى بەس،
مانا ياستۇق، ئۇخلا، يېرىملاشتى تۈن.
ئۇيىندىك يەتكۈچە سەكرەپ ۋە چېپىپ،
بۇ دالا ئەمەسقۇ، بولما كۆپ نادان.
ساقلىغىن ئىززىتىڭ، قىممىتىڭنى سەن،
ئاخىرسەن بۇ كېچە ئۆيۈمدە مېھمان.

تۈن قوينىغا چۆكتى كائىنات،
يورۇتماقتا كۈلبەمنى زىيا.
ئىشخانامىلا ئەمەستۇر پەقەت،
يۈرىكىممۇ يورۇغان گويا.
ۋۇجۇدۇمنى قۇچقان تەپەككۇر،
يەنە ئارتار كۆڭلۈم تەشناسى.
يەنە مېنى تارتار ئۆزىگە،
تىرىكلىكنىڭ زىلال چەشمىسى.

ھەي ئىت، بولدى قىل ئىتلىق كۈيىنى،
بولدى، كۆپ غىڭشىما. جايىڭدا جىم يات.
قەلبىمدە جۇش ئۇرغان ئىلھام پەيزىنى
بوغماقتا خىرىگاي ئاۋازىڭ شۇ تاپ.
سەنغۇ ئىت، ئادەمنىڭ خۇلقى غەلىتى،
ھامان چىن دانادىن كۈلمەككە تەييار.
ئۆزىدىن ئۈستۈنگە ھۈرۈش ئادىتى
ئەجەبا، ناھاتكى ئىتلاردىمۇ بار؟

ۋاھ، تەرك ئەتتى يەنە ئىشتىياق،
يەنە ھۆكۈمران سۇلغۇن كەيپىيات.

ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلەر ھەر چاغ.
ئىلھامدىن كېيىن شۇنداق سۇكۇنات.
شۇنداق ئىكەن ھەمىشە ئەھۋال:—
گاھ پەرۋازدا، گاھ جىم، بىئامال.
لېكىن باردۇر بۇ دەردكە مەلھەم—
ئاداشقاننىڭ يورۇق يۇلتۇزى.
بۇ — ئىلاھى كارامەت سۆزى—
يېڭى تەلىم ئىچـرە بولۇر جەم.
ئالدىمدىلا مانا ئۇ ئۆزى—
قۇدرىتى زور بۇ زاماندا ھەم.
بەنـت قىلدى مېنى كارامەت،
ئەمدى قىلاي سەۋرى قانائەت—
بۇ كىتابتا بولسا ھەر نېمە،
نېمىسچىغا قىلاي تەرجىمە.

(تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن كىتابلارنى ئاچىدۇ)

«ئەڭ بۇرۇن سۆز بولغان» تۇنجى بۇ قۇردىن
باشلاندى تېپىشماق لال قىلىپ بىردىن.
نېمىدۇر زادى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى؟
ناھات سۆز ئالەمنىڭ بولسا ئاساسى؟
«دەسلەپ ئىدراك بولغان». تەرجىمە مانا.
بۇ، ئەسلى مەنىگە كېلەر يېقىنراق،
شۇلدىمۇ ئويلىشىش كېرەكتۇر يانا،
چىقىرىپ قويمايلى ھەدەپلا چاتاق.
ياق ئىدراك بارلىقنىڭ ئەمەس مەزمۇنى،
«دەسلەپ قۇدرەت بولغان». ئاندىن قالغىنى...

يەنە يۈرىكىمگە غۇلغۇلا سالدىم،
يەنە ھەيرانلىقتا تېڭىرقاپ قالدىم.
ياق، قۇدرەت ئەمەس، ئازدىم مەن يانا،
«دەسلەپ ئاسىل بولغان». شۇ ئەسلى مەنا.

قوغلىنىشنى ئىستەيسەن نېچۈن؟
چىقارمىغىن ئۈن.
بولاي دېسەڭ مەن بىلەن ھەمدەم،
ياتقىن خاتىرجەم.
سەن ھۆۋلىساڭ، ماڭا ئىشلەش تەس،
ھۆۋلىمىغىن، بەس.
ئىلاج يوقمۇ ـ ھەل قىلىش كېرەك:
ئارتۇقچىمىز بىرىمىز، دېمەك.
كەتمەك كېرەك ساڭا يا ماڭا،
مانا، ئىشىك، قېنى، مەرھەمەت!

ۋاھ، ئەجەبا، بۇ نېمە ئەھۋال!
ئوڭۇممۇ بۇ، چۈشۈم، يا خىيال؟
ئىت چوڭىيىپ بارماقتا ئاستا،
ئەنە بويى يەتتى تورۇسقا،
قانداق مەخلۇق كىردى كۆلبەمگە،
بۇ ئىت ئەمەس غەيرىي بىر نېمە.
ئوت چاقنىغان كۆزلىرى دەھشەت،
ھە، ئاڭلىدىم، بۇ ئەلۋەتتە جىن!
ماڭا مەددەت بېرىشى مۇمكىن،
«سۇلايماننىڭ مىپتاخى»* پەقەت.

* «سۇلايمان مىپتاخى» — XVII ئەسىردە كەڭ تارقالغان دىنىي كىتاب.

## جىنلار

(تاشقىرىدا)

بىر دوستىمىز تۇتقۇندا—
يول يوق كىرمەككە.
جىنلار بەرى ئالدىرار،
ياردەم بەرمەككە.
ئۇچماق كېرەك ئايلىنىپ،
ئېگىز - پەس بولۇپ،
قىلساق ھەرىكەت تېزلىكتە.
چىقار قۇتۇلۇپ،
قېنى ياردەم بېرەيلى،
ئۆتمىسۇن پۇرسەت.
ياردەم قىلغانىدى ئۇ،
بىزگىمۇ كۆپ رەت.

## فائۇست

دۇچ كەلگەندە مەخلۇق، مەدەتكار—
مېپتاخ ئارا بۇ تۆت ئايەت بار:

سالامەندىرا①، يان،
ئوندىنا②، مەۋج ئۇر.

① سالامەندىرا — ئوت مۇئەككىلى؛ ② ئوندىنا — سۇ مۇئەككىلى.

سېلىپدا①ـــ چېچىل ھەريان،
كاھالىد②ـــ ئىشلەپ تۇر.

كىمگە بۇ ئايەت،
بولمىغاندا يات.
كىم سېھىر كۈچىن
ئۆز ئىشى ئۈچۈن
بىلمىسە ئەگەر،
ئەمەس ئەپسۇلگەر.
ئۆزگىگە ئوت ياق،
سالامەتدىرا.
جىلغىلارغا ئاق،
ئاقسىن ئوندىنا.
يۇلتۇز بولۇپ باق،
سېلىپدا.
ئۆيگە قاراشماق—
ساڭا، ئىنكوبوس.
ھەممە خەق ئامراق
ساڭا، ئىنكوبوس.

ياق! بۇ تۆتىنىڭ بىرەرىمۇ ھەم
بۇ مەخلۇقتا ئەمەس مۇجەسسەم.
ئەنە ئۇ ياتار بىمالال،
بۇ نېمە ھال!
ئەگەر ئايەتلىرىم قىلمىسا تەسىر،
تېخىمۇ زورىنى ئوقۇماق زۆرۈر.

① سېلىپدا ـــ ھاۋا مۇئەككىلى، ② كاھالىد ـــ يەر مۇئەككىلى.

قارىشىمچە ــ جەھەننەم قوغلاندىسى بۇ.
كۆرسەن تېخى ئالدىرىماي تۇرا!
بۇ مۇقەددەس بەلگىگە كۆز سال،
سەندەكلەرنى تىترىتەر غال ـ غال،
بەلگە ئۇنى دەھشەتكە سالدى،
قورققىنىدىن شۈمشىيىپ قالدى.

ھەي دەھشەت بالا،
شۈمشەيدىڭ نېچۈن؟
ئاگلىدىڭمۇ يا
يارىتىلمىغان،
ھېچكىم بىلمىگەن،
ھەممىمىز ئۈچۈن
ئەرك ئاتا قىلغان
ھەمدە بىز ئۈچۈن
بۇتقا تارتىلغان
تەڭرىنىڭ كۈچىنى؟
بۇلۇڭغا كىرىپ،
نېمە دەھشەت بۇ ــ
خۇددى پىل بولۇپ
زورايماقتا ئۇ.
باسماقتا تۈتۈن
يەرۇ سامانى،
قۇچماقتا پۈتۈن
بۇ كەڭ دۇنيانى.
دوزىخى ئەي روھ،
ئېيتاي مەن ساڭا:

جىم يات، سەن مەكرۇھ،
باش ئېگىپ ماڭا!
ئوقۇشۇمنى كۈتمە
ئۆچ كەررە ئايەت.
خۇدايى ئاتەش
بار مەندە غايەت.
قىلىشقىمۇ يوق،
باردۇر ئىقتىدار.

تۈتۈن تارقىلىپ، پېچ كەينىدىن دەرۋىشچە كىيىنگەن
مېفىستافېل چىقىدۇ

**مېفىستافېل**

نېمە ئانچە دوق؟
مانا مەن تەييار.

**فائۇست**

ئەجەبا، كۈلكىلىك سىر بولدى ئايان،
ئىت بولۇپ كۆرۈنگەن دەرۋىش ئىكەن ـ دە.

**مېفىستافېل**

ئەي ئالىم، ھۆرمىتىم قىلاي مەن بايان،
راسا قىيىندىڭىز مېنى بەنتتە.

فائۇست

ئىسمىڭ نېمە؟

مېفىستافېل

نېچۈن سوئال قويىسەن ماڭا،
گەپ ـ سۆز ساڭا ھېچ نەرسە بەرمەس.
ساڭا پەقەت ئەمەل مۇقەددەس،
نەپ يوق بىلسەڭ ئىسمىمدىن ساڭا.

فائۇست

ھەر ئەمەلنىڭ ئۆزگــە نامى بار،
ئاڭلىماققا سىنىڭ زاتىڭنى
كۇپايىدۇر بىلمەك ئاتىڭنى،
جىن ـ شەيتانمۇ، ئىبلىسمۇ سەن يا؟
كىمسەن، ئېيــت!

مېفىستافېل

مەن بىلسەڭ بەندىگە يامانلىق تىلەپ ـــ
ياخشىلىق قىلغۇچى كۈچنىڭ بىرىمەن.

فائۇست

ئوچۇق ئېيــت گېپىڭنى ئۇقالمىدىممەن؟

مېفىستافېل

مەن ئىنكار روھىمەن، ئىنكار قىلىشنى
ئالغانىمەن ئۈستۈمگە كائىنات ئارا.
ياراتسۇن نېمىنى خۇدا، ئۇ ماڭا
بىھاجەت، ھەممىنى يوقىتىش قەستىم.
دۇنيادا يامانلىق دېيىلگەن ئىشلار،
بىمەنە دېيىلگەن ھەرىكەت قىلىقلار،
بۇ مېنىڭ كۈچۈم ھەم بۇ مېنىڭ كەسپىم.

فائۇست

سەن شۇنداق كۈچ بولساڭ ئېيتقىنا نېچۈن،
تۇرسەن ئالدىمدا كۆرۈنۈپ پۈتۈن؟

مېفىستافېل

راست گەپنى قىلدىممەن كەمتەرلىك بىلەن،
مەنمەنلىك — بۇ غاپىل ئادەمزاتقا خاس.
پۈتۈن دەپ بىلىشەر ئۇلار ئۆزىنى،
مەن بولسام قىسمىنىڭ قىسمىمەن خالاس.
پۈتۈن دەپ ئاتايمىز لېكىن نېمىنى؟
تۈنگىلا مۇناسىپ كۆرىمىز بۇنى.
بىر چاغلار ئالەم تۈن ئىلكىدە ئىدى،
ياراتتى ئىلكىدە ئۇ يورۇق نۇرنى.
ھە، ئەمدى نۇر تۈنگە — ئۆز ئانىسىغا،

جەڭ ئاچار، يەتمەس ئۇ ھېچ ئارزۇسغا.
جىسىملار سىرتىدۇر ئۇنىڭ ماكانى،
جىسىملار - ھە، ئۇنىڭ جىسمى ۋە جېنى.
ۋاقتى كەپ ئالەمدە يوقالسا جىسىم
قالمايدۇ ئالەمدە نۇر دېگەن ئىسىم.

فائۇست

بولدى، ئەمدى ماڭا كىملىكىڭ مەلۇم.
يوقىتالماي ئالەمنى پۈتكۈل —
پارچە نەرسىلەرگە باشلايسەن ھۇجۇم.

مېفىستافېل

راست ئېيتسام بۇ ئىشمۇ ئاجايىپ مۈشكۈل.
پايانسىز ئۇ يوقلۇق ئالىمى ئارا
بىر كىچىك زەررىدۇر بۇ كىچىك دۇنيا.
ئۇنى يوقاتماققا ئۇرۇنماي قانچە،
ھامان ئۈستۈنلۈكتە، تېز پۈكمەس قىلچە.
يوللىرىم ئۇنىڭغا چاقماق ۋە بوران،
دەھشەتلىك زىلزىلە، يېغىن ۋە توپان.
ئەمما تەسىر قىلماس كائىنات ئۈچۈن،
دېڭىزلار جايىدا، قۇرۇقلۇق پۈتۈن.
ھاشارات، ھايۋانات ھەمدە ئادەمزات،
مەن سالغان قىرغىندا، بولمىدى بەربات.
ئۇلارنىڭ ئادىتى — نەسىل قالدۇرماق،
شۇ سەۋەب ھاياتلىق بولمايدۇ تامام.

ھەم يەنە بولمىدى تاقىتىمۇ تاق،
ھەم يەنە قىلىمەن كەسپىمنى داۋام.
باقمىغىن قاياقتا: — يەر، سۇ، ھاۋادا
ھاياتلىق بىخلىرى مەڭگۈ نامايان.
ياخشىكى بار ئىكەن ئوت بۇ دۇنيادا،
بولمىسا قالمايتتى مەن ئۈچۈن ماكان.

## فائۇست

كۆر مانا، تۇتقان شۇ غەيرىي يولۇڭنى،
دېمەككى، ئالەمدە كۆرەشكەن ياشار،
ھايۋانات، ھاشارات، پۈتكۈل جانىۋار...
ھەممىگە كۆتۈردۈڭ شۇملۇق قولۇڭنى.
ھەي زۇلمەت پەرزەنتى، ئۆزۈڭگە بۆلەك —
دۇرۇسراق كەسپكار تاللىشىڭ كېرەك!

## مېفىستافېل

ئويلاپ كۆرۈش مۇمكىن، بۇ ھەقتە بىراق
سۆزلىشىپ ئالارمۇ كېيىن ياخشىراق.
ئىجازەت بەر ماڭا ئەمدى كەتمەككە.

## فائۇست

بار نېمە كېرىكى ساڭا رۇخسەتنىڭ؟
كېتىۋەر مەيلىڭچە خالىغان يەرگە.
كېلىپ تۇر بەزىدە چىقسا پۇرسىتىڭ.
خوپ، خەير، مەرھەمەت، بۇ ياقتا ئىشىك،

مانا بۇ دېردزە، مورا، بۇ تۇگۈلۈك
سەن ئۈچۈن خىزمەتتە. كېتىۋەر، رۇخسەت.

مېفىستافىل

بۇ يەردىن چىقمىقىم مۇشكۇلدۇر پەقەت.
ئاۋۇ بوسۇغىغا سىزىلغان تەسۋىر
يولۇمنى بەنت قىلىپ، تۇرماقتا توسۇپ.

فائۇست

ۋە لېكىن كىرەردە ئۆيۈمگە ئاخىر
شۇ بوسۇغىدىن ئۆتتۈڭغۇ ئاتلاپ.

مېفىستافىل

شەكلىنى ناتوغرا سىزىپسەن ئۇنىڭ،
ئىككى يان سوزۇلۇپ، ئىككى بۇلۇڭنىڭ
ئارىسى يول بولۇپ قاپتۇ ئايرىلىپ.

فائۇست

سېنى ئەسىر قىلدى بۇ بىر تاسادىپ،
قولۇمدا تۇتقۇنسەن، تۇرغان يېڭىلىپ،
ھە، بۇنداق ئامەتنى قىلغان كىم خىيال؟

مېفىستافىل

ئىت ئۆتمىكى مۇمكىن سەكرەپ بىمالال

يەتمەيدۇ شەيتاننىڭ ماجالى ئاڭا:
قارىشىمدا بەلگە بار — يول ئېتىمەك ماڭا.

فائۇست

دېرىزە بار مانا — كېتىۋەر،

مېفىستافېل

بىراق —
ئەدىن كىرگەن بولسا شۇ يەردىن چىقماق —
جىنۇ شەيتانلارغا ئەزەلدىن قانۇن.
بۇزالماس ئۇنى ھېچ ھەرقانداق مەلئۇن.

فائۇست

بار ئىكەن دوزاخنىڭ قانۇنى دېمەك،
ھە، بۇنى ئەلۋەتتە بىلىشىمۇ كېرەك.
مۇمكىندۇر سەن بىلەن شەرتنامە تۈزمەك.

مېفىستافېل

يوق بىزدە ئەزەلدىن ئەھدىنى بۇزماق
بىز ۋەدە قىلساقلا ھەر چاغ، ھەر مەھەل
ۋاقتىدا ھېچ سۆزسىز قىلىمىز ئەمەل.
سۆزلىشىپ ئالىمىز تېخى بىز تالاي،
ھازىرچە قويۇپ بەر — مەن كېتىپ قالاي.

### فائۇست

قاياققا ئالدىراپ، — توختىتا بىر نەپەس،
ماڭا ئۇ دۇنيانىڭ پارىڭىنى سال.

### مېفىستافېل

مەن يەنە كېلىمەن، بۇ ۋاقتى ئەمەس،
شۇ چاغدا سۆزلىشىپ ئالىمىز خۇشال.
كۆپ تۇتما مېنى.

### فائۇست

قىزدىق بۇ سۆزۈڭ،
تۇتمىدىم مەن سېنى — ئىلىندىڭ ئۆزۈڭ.
بۇ پەيتتە قويۇۋەتسەم سېنى مۇبادا،
چۈشمەيسەن قولۇمغا قايتا ھېچقاچان.

### مېفىستافېل

ئىستىكىڭنى كەلتۈرەي بەجا،
بولاي بىرئاز ئۆيۈڭدە مېھمان.
ئۆز مەيلىمگە قويسەن ئەمما،
قىلاي سېنى خۇشال ـ شاددمان.

فائۇست

نېمه قىلساڭ ئىختىيار سەندە،
كۆڭلۈمنى ئاچ، قىلغىن خۇرسەندە.

مېفىستافېل

كۆڭلۈڭنى ئاچماققا بولسۇن كۆپ پۇرسەت،
شادلىقتىن تاپارسەن بىر يىللىق لەززەت.
تىڭشايسەن جىنلارنىڭ ناخشىلىرىنى،
بەنت قىلار ئەپسۇنگەر بىر شولا سېنى.
دىققىتىڭ جەم بولسا شۇ سىرلىق ئۈنگە،
نۇرغا تەشنا كۆزۈ، سەزگۈ، قۇلاق،
تەم بىلگۈچ ئېغىزۇ بۇي بىلگۈچ دىماغ —
بەرى ئەسىر بولۇر شۇ كۈي ئىلكىگە.
تەييارلىق قىلىشقا كۈتمەيمىز پۇرسەت،
ھەممىمىز تەييارمىز، باشلاندى دىققەت!

جىنلار

مىڭ پارە بولسۇن
بۇ قەپەز زۇلمەت.
يايرىسۇن، كۈلسۇن
نۇرلىنىپ ھەيۋەت.
كۆپكۆك ساماۋەت.
ئاسماننى قاپلار

قارا بۇلۇتلار،
بۇلۇت ئارىلاپ
يۇلتۇز مارىلاپ.
ئىزدەيدۇ نىجات.
بۇلۇتتىن يۆكسەك
چەكسىز پەلەكتە.
بەسلىشىپ بىردەك
ئۇچار مەلەكلەر.
بۇ كۆللى ئالەم
ياپيېشىل گىلەم.
گۆزەل ياز چاغلار —
ئوتلاقلار، تاغلار.
باغۇ بوستانلار
بىخلار چىقىرار،
پۆتاقلار، شاخلار.
ئىشقىنى كۆيلەر
سۆيگەن يۆرەكلەر —
پىنھان دالدىدا.
شېرىن ۋىساللار،
شېرىن خىياللار،
ۋەدىگە ۋاپا
ھەم سىرلىق ناۋا
تىلدا ۋە دىلدا.
بوچكىدىن تېشىپ،
چوڭ ئىدىش تامان
ئېتىلغىنىدەك
ئۆزۈم شەربىتى،

چوققىدىن چۈشۈپ
قىيالار ئېشىپ
ئۆرلەپ جۇش ئۇرار
شارقىراتمىلارنىڭ
بۈيۈك شىددىتى.
شىددەت بىلەن ئۇ
پەسكە ئېتىلار،
پەستە تىنىق كۆل
ئاستا جىمىرلار،
قومۇشلار كۈيلەر.
بۇندا بىر تامان
پايانسىز ئورمان —
لىگىشىپ شامالدا
گويا مىڭ تىلدا
قاينىشىپ سۆزلەر.
بۇندا تاغدىن تا
كېچىگە قەدەر،
بولمايدۇ ئارا
ئويۇن ۋە لەپەر،
كۈلەر يەر، ئاسمان.
كۆكلۈللەر قوۋناق،
بۆسەلەر قايناق.
چېكى يوق راھەت،
ئەيشۇ پاراغەت
بۇندا ھۆكۈمران.

### مېفىستافېل

ئەنە، ئۇخلىماقتا ئۇ تىنچ، بىئازار،
جىنلىردىم، مەن سىزدىن دائىم مىننەتدار.
سىلەر كۆرسەتتىڭلار ئاجايىپ سەنئەت،
ھە، شەيتاننى تۇتماق ئاسان ئىش ئەمەس.
ناخشا ئېيتىپ تۇرۇڭ يەنە بىر نەپەس،
تېخىمۇ ئورناشسۇن باغرىغا غەپلەت.
مانا بۇ شەكىلنى يوقىتىش بولسا
كالامۇشنىڭ ئىشى — يىمىرگەي دەرھال.
ئەنە، كېلىپ قالدى كۆتكۆزمەي، ياشا!
نىجاتكارىم سەن، ماڭا قۇلاق سال!
كالامۇش — چارپاقا، چاشقانلار خانى،
بۆرگىلەر، كانىلار، پىتلار خاقانى —
ساڭا بۇيرۇماقتا — ھۇزۇرۇمغا كىر،
ئاۋۇ بوسۇغىدا بەلگە بار — يىمىر.
تامغۇزۇپ تۇرىمەن مەن ئۇ يەرگە ياغ.
يوقاتمىساڭ بولماس — ئۇ ماڭا تۇزاق.
تېزرەك بول! قالمىسۇن زەررىمۇ پەقەت،
يەنە جىندەك قالدى، ياشا ئەزىمەت،
بولدى، ياردىمىڭگە كاتتا تەشەككۇر.
مەن كەتتىم. ئۇخلاۋەر، فائۇست، بەھۇزۇر.

### فائۇست

(ئويغىنىپ)

يەنە غەپلەت ئىچرە ئالداندىم ناھات!
ناھات ئۇخلاپ قالدىم مەن تەنتەك، نادان.

چۈشۈمدە كەپتۇدەك قېشىمغا شەيتان،
ئىت بولسا خانامدىن قېچىپتۇ، هايهات!

## فائۇستنىڭ ئىشخانىسى

### فائۇست ۋە مېفىستافېل

**فائۇست**

ئىشىك تاقىلدىدى! كىم يەنە ئۇ، ۋاه، —
تىنچلىقىمنى بۇزماققا كەلگەن؟ مەرهەمـەت.
ئۆزۈڭ كىم؟

**مېفىستافېل**

مەن كەلدىم.

**فائۇست**

كىردۈەر ئەرۋاه!

**مېفىستافېل**

كىرمىگۈم قىيىندۇر دېمىسەڭ ئۈچ رەت.

فائۇست

كىرىۋەر گۇمراھ!

مېفىستافېل

مانا قارىشىڭدا بولدۇم مەن پەيدا،
كېلىشىپ ئالىمىز ئىككىمىز بۇندا.
بولسا غەم - ئەندىشە كۆڭلۈڭدە، ئىشەن،
بىر پەستە ھەممىدىن خالاس بولىسەن.
قارىغىن، مەن قانداق كىيىنىپ ئالدىم،
ئۇچامدا زەر بىلەن تىكىلگەن كەمزۇل،
يەلكەمدە يېپىنچا، تىللا بىلەن گۇل —
چېكىلگەن غىلايقا شەمشەرنى سالدىم.
تەلپىكىم ئۈستىدە خوراز پېيى بار،
يىگىتنىڭ تۇرقىمۇ شۇنچىلىك بولار.
كىيىنگىن مۇشۇنداق، قولاق سال ماڭا،
ھايات ئۆز كۆركىنى ئاچقۇسى ساڭا.

فائۇست

قانداقچە كىيىنمەي، بەرىبىر قەلبىم،
سېزىدۇ نى قايغۇ بولسا ئالەمدە.
گەپ ئاچساق كەيپ - ساپادىن — مەن قېرىپ قالدىم،
بىھەۋەس بولماققا ياشمەن زىيادە.

بەخش ئېتەر نېمىنى بۇ سىرلىق ئالەم؟
«سالماق بول، سەۋر قىل، چېكىۋەر ئەلەم!»
شۇ — تەگبىر بىزلەرگە ئەزەلدىن تونۇش،
ياڭرايدۇ قۇلاقتا مەڭگۈ شۇ تاۋۇش.
باللىق چاغدىنلا شۇدۇر زىكرىمىز،
پەنــدۇ نەسىھەتتىن قاتقان پىكرىمىز.
ھەر سەھەر قەلبىمدە بىر غەملىك تۇيغۇ:
بۇ تاڭمۇ نەپ بەرمەس، ئىشەنچىم كامىل،
بىلىمەن، ئەمەلگە ئاشمايدۇ ئارزۇ،
بولمايدۇ بىرەرمۇ مۇددىئا ھاسىل.
سەمىمىي ھېسلارنى ئۆتەر ئۇ بىسىپ،
نېمىكى ئەتىۋار بولسا مەن ئۇچۈن.
ھەممىنى ئەيلەر ئۇ ئاستىنۇ ئۇستۈن،
كۆرستىپ چىشىنى مەسخىرە قىلىپ.
كەچ كىرىپ ئالەمنى قۇچار سۈكۈنات،
ئەمما يۈرىكىمدە بى تىنىچ غەليان.
كېچەمدە ئارام يوق، چۈشلىرىم دەھشەت،
ئورنۇمدىن تۇرىمەن چۆچۈپ ناگىھان.
ئەجەبا، قەلبىمگە پۈككەن ھەقىقەت،
پىكرۇ خىيالىمغا ئىگەن ھۆكۈمران.
ئەمما نېمە بولسا بۇ كەڭ جاھاندا،
ھۆكمى ئۆتمەس ئىكەن ئۇنىڭ ھېچقاچان.
شۇ سەۋەب ھاياتتىن قولۇمنى يۇدۇم،
شۇ سەۋەب ئۆلۈمگە تەشنادۇر كۆڭلۈم.

### مېفىستافېل

ياخشى مېھمان ئەمەس ۋە لېكىن ئۆلۈم.

### فائۇست

ئېھ، قانداق سائادەت، ئۆلۈمگە نەزەر —
دۇچ كەلسە ئادەمزات جەڭ مەيدانىدا.
ۋە ياكى ئالەمدىن بولۇپ بىخەۋەر
دىلبەر قۇچىقىدا ياتقان چېغىدا.
بەختلىك بولاتتىم مەنمۇ ئاڭا دۇچ —
كەلسەم، روھ ۋەسلىگە ئېرىشكەن شۇ كەچ.

### مېفىستافېل

كېلەتتى بىگۇمان ساڭا بۇ پۇرسەت،
ئىچىلگەن بولسا گەر ئاخشامقى شەربەت.

### فائۇست

دېمەك، ئايغاقچىسەن، كەسپىڭ كەپتۇ ماس.

### مېفىستافېل

قامۇسۇل ئالەم ئەمەس، بىلگۈچىمەن بەس.

### فائۇست

ئاخشام مېنى ئالدىدى ناھات
ئۇ ئىلاھى ئەييام كۈيلىرى.

مېنى يولدىن قايتۇردى، ھەيھات
باللىقنىڭ شېرىن ئويلىرى.
لەنەت بولسۇن ئالداپ ئىنسانىنى
ئەللەيلىگەن ئاشۇ تۇيغۇغا.
لەنەت بولسۇن تەۋەررۇك جاننى
سالغۇچىغا تەننىڭ غارىغا.
لەنەت، بىزنى تۇگەشتۇرگۈچى
كۆڭۈلدىكى تەكەببۇرغا ھەم.
لەنەت، ئىزگۈ ھېسلىرىمىزنى
ئالدىغۇچى تەسەۋۋۇرغا ھەم.
لەنەت ساڭا بىزنى بەنت ئەتكەن
تۇرمۇش ئويى، ئائىلە، شۆھرەت ...
گاھى بىزنى كۆككە كۆتۈرگەن
شېرىن چۈشلەر، سىزگە ھەم لەنەت.
لەنەت بولسۇن ھەمدە ساڭىمۇ،
بايلىقلارنىڭ شەيداسى ئۆمۈر.
لەنەت ساڭا سۆيگۈ مۇھەببەت،
ھەي تەمىدىن ئوخچىغان ھۇزۇر.
لەنەت ساڭا شېرىن خىيالەت،
نى سەۋدالار سالغۇچى باشقا.
ھەممىگىلا چىدارمىز ھەيھات،
لەنەت بولسۇن سەبرۇ بەرداشقا.

## جىنلار قوشىقى

(پىنھانە)

ئاھ، بۇ — نى ئەلەم،

بۇ ــ نى بالا، دات!
بۇ ــ پۈتكۈل ئالەم
بولدىغۇ بەربات!
ۋەيرانە قىلدى،
سەن ئاتقان لەنەت.
مىڭ پارچە بولدى
گۈزەل ئىمارەت.
تەڭرى مۆمىنى
ئەي ئادەمزات!
سەن ئەمدى يېڭى
قەسرنى يارات.
ئۆزگىچە بولسۇن
سەن قۇرغان بىنا.
ھەۋەس قوزغىسۇن
ۋۇجۇدۇڭ ئارا.
مەقسىتىڭسىرى
قوي دادىل قەدەم.
شادلىق كۈيلىرى
ياڭرىسۇن شۇدەم.

## مېفىستافېل

مېنىڭ جىنلىرىم
كۈيلەر، تىڭشا جىم.
كۈي تولا دانا،
مول ئۇندا مەنا.
دەيدۇ: ــ ئادەمزات،

كىشەنلەرنى ئات.
ئالەمگە كۆز تىك،
تار ئۆيۈڭدىن چىق.

ئۆزگىنى ئىززەت قىل، غۇسسىنى ئۇنۇت،
بېشىڭدا قۇزغۇندەك ئايلانمىسۇن غەم.
قانچىلىك بىمەنە بولمىسۇن مۇھىت،
بەربىر ئادەمسىز ياشالماس ئادەم.
ئۆزگە بىر دەۋرگە باشلايمەن، ئىشەن،
بولىمىز پاراڭچى ئۇلپەتلەرگە جەم.
گەرچە مەن ئاددىي بىر كەمتەرىن شەيتان،
لېكىن زېردىكتۇرمەيمەن سېنى مەن ھەردەم.
ئالايلى مەسلىھەت قىلىشىپ ئالدىن،
ھايات يوللىرىدىن سىللە ئۆتمەككە.
يار بولسام قاچقۇسى غەم - قايغۇ سەندىن،
قالمايسەن بىر ئۆمۈر جاپا كۆلپەتكە.

**فائۇست**

ھەققىگە نېمىنى سورايسەن مەندىن؟

**مېفىستافېل**

ھېساب - كىتاب كېيىن، تېخى پۇرسەت بار.

**فائۇست**

بەربىر شەيتانسەن، ئەلۋەتتە سەندىن
خالىس بىر ئىلتىپات كۈتمەسمەن زىنھار.

ھەققىڭنى ئېيت، بۆگۈن بولۇپ ئىناق ساز،
چۈشمىسۇن ئەتىلا ئارىغا ئاراز.

### مېفىستافېل

ساڭا بۇ ئالەمدە بولىمەن مەھرەم،
قالغان نەرسەڭنى قىلىمەن بەجا.
ھەققىڭگە ئېرىقى دۇنيادا سەن ھەم
مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىسەن ئادا.

### فائۇست

ئۇ دۇنيا قايغۇسى ماڭا بىگانە،
بۇ ئالەم مەن ئۈچۈن بولغاچ ۋەيرانە.
باشقا ئالەم بىلەن بولمايدۇ ئىشىم.
مەن زېمىن ئوغلىمەن — شۇندا يېگانە،
يار ماڭا ھەرقاچان غەم، شادىيانە،
بۇ يورۇق دۇنيادىن بولغاچ راۋانە —
قوقاستا تامامەن ئۆرتەنسۇن جىسمىم،
قانچىلىك ماختىسۇن باقى دۇنيانى.
قىزىقىش يوق مەندە ئۇنىڭغا ھامان.
كارىم يوق، قانچىلىك ئۇنىڭ پايانى،
يارالغان ئۇ قاچان، تۈگەيدۇ قاچان.

### مېفىستافېل

بەك بەلەن، شۇ بولسا سەندىكى ئىمان،
دېمەككى، ئىشىمىز بولىدۇ ئاسان.

ساڭا شۇنداق نەرسە قىلايكى ئاتا،
ئۇنى ھېچ كۆرمىگەن بۇ يورۇق دۇنيا.

### فائۇست

ئەجەبا، شەيتاندىن خەير ۋە ئېھسان!
بېرەتتىڭ نېمىنى ماڭا، بېچارە؟
بىلەمسەن، نېمىنى ئىزدەيدۇ ئىنسان؟
ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى چۈشەنسەڭ زارە!
سەن تامام بىلسەن، تويماق يات ئاڭا،
سەن ئالتۇن بېرىسەن، تەگمەس ئۇنىڭغا—
سىماپتەك لىغىرلاپ، كەلمەي قولۇڭغا—
ئۆزگە چۆنتەكلەرگە قاچار دائىما.
سەن قىمار بېرىسەن، — ئۇتماقلىق يوق ھېچ،—
سەن شۆھرەت بېرىسەن — بىردەملىكلا ئۇ.
ماڭا يار بېرىسەن — باغرىمدا ھەر كەچ
ئۆزگە بىر يىگىتنى قىلىدۇ ئارزۇ.
نېمىنىڭ ئاقىۋەت ماڭا ئايانىدۇر:
ھە، بۈگۈن بىخ ئۇرسا، ئەتە خازاندۇر.

### مېفىستافېل

ھە، بۇلار ھەممىسى ئىقتىدارىمدا،
خالىساڭ بېرەرمەن، ئىختىيارىمدا.
ۋە لېكىن سەۋر قىل مۆھلەت بەر ماڭا،
لەزىززەك نېمەتمۇ بېرەرمەن ساڭا.

فائۇست

شۇنچە لەززەت بولسا سەن بەرگەن تائام
مەن ئاشۇ نېمەتكە خېرىدار بولسام،
لەززەت تۆشىكىدە ئالسامۇ ئارام
شۆھرەت گۈلتاجىدا زوقلارغا تولسام،—
ئۇنۇتسام ئالەمنى — ۋە مەيلى ئۆلسەم،
ۋە مەيلى شۇئانلا مېنى يۇتسا يەر.

مېفىستافېل

ئەستە چىڭ ساقلايمىز!

فائۇست

مەيلى قولنى بەر!
ئەگەر مەن بىر كىمنى ئۇلۇغلار بولسام،
«سانىيا، توختىا!» دەپ توۋلىسام ئەگەر،
سېنىڭ تۇتقۇنىڭمەن مەيلى ئاشۇ دەم،
سەن ئۇۋچى بولۇرسەن — ئۇۋغا مۇيەسسەر.
ئىختىيار سېنىڭكى بولۇر ئۇ كۈندە،
مېنىڭ ئىختىيارىم — ھۆكمىڭدە بولماق.
توختىسۇن ئۆمرۈمنىڭ سائىتى شۇندا،
ئاخىرقى قوڭغۇراق چېلىنسۇن ياڭراق.

**مېفىستافېل**

ساقلايمەن گېپىڭنى ئېسىمدە مەھكەم.

**فائۇست**

قايتمايمەن سۆزۈمدىن، بولغىن خاتىرجەم.
تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ، قالسام جىم،
بەرسىبىر ئەمەسمۇ جاننى ئالسا كىم.

**مېفىستافېل**

كېلىشتۇق، ئەمىسە بۇ سورۇندا بۈگۈن،
قىلىمەن سادىقلىق بىلەن مەن خىزمەت.
گەپقۇ بىر ۋە لېكىن ئېھتىيات ئۈچۈن،
يېزىپ قوي سەن ماڭا ئىككى ئىلىك خەت.

**فائۇست**

نېمىگە ھاجەتتۇر بۇنداق رەسمىيەت،
تۇغۇلدى قەغەزگە نە زۆرۈرىيەت؟
دېمەك، ساڭا زۆرۈر ھۆججەتنىڭ ئۆزى،
سەن ئۈچۈن بىر تىيىن ئادەمنىڭ سۆزى.
بىلگىنكى ئىنساندا ئىنساپ بولسا ئاز،
بىرەلمەس ھېچ ياردەم ھەرقانداق قەغەز.
ئەكسىچە قەغەزلەر دۆۋىسى ئارا

ھېلىھەم ئىنساننىڭ سۆزى مۇقەددەس.
ئەنە شۇ سۆز ئۈچۈن قەغەز ئۈچۈنمەس، —
قۇربان بېرىشكىمۇ تەييار دۇر ھەتتا.
تەئەججۈپ قىلىمەن، نېچۈن ئادەملەر
ئېتىقاد قىلىدۇ خەتكە، مۆھۈرگە.
قەغەز — پەقەت قەغەز، سۆز بولسا گۆھەر.
قەغەز — يىرتىلغۇچە، سۆز خاس ئۆمۈرگە،
خوش ئەمدى، يازمەن نېمە بىلەن، ئېيت،
قەلەممۇ، چەككۈچمۇ، يا موي قەلەم، ھەل...؟
قەغەزگە يازايمۇ، قورام تاشقىمۇ؟
ياكى مەرمەرگىمۇ؟ قايسىسى ئەۋزەل؟

**مېفىستافىل**

بېسىپ ئال ئۆزۈڭنى، ھاياجانلانما،
ئۇنىڭغا بىر پارچە قەغەز كۇپايە.
بىر تامچە قان بىلەن شۇ قەغەزگە ياز.

**فائۇست**

شۇمدى! ئال قېنى، قىلاي رىئايە!
ئېپىدە بولسۇندە شەرت دېگەن بىر ئاز.

**مېفىستافىل**

قان شەربەت — ئۆزگىچە لەزىز بىقىياس!

**فائۇست**

قوي، ئورۇنسىز شۈبھىلەردىن كەچ،
مەن سىنىڭكى، ئالدىمايمەن ھېچ.
كۆرۈدىدۇر ھاياتىم پەقەت،
بولسا كاشكى ئۇ ماڭا قىممەت؟
ئۆمرۈم نىمە، مىنىڭ ئۆزۈم كىم؟
ئىنسانلىقتىن يېگانە پەخرىم —
كائىناتقا بەرگۈچى تۈزۈم،
ئىلاھ بىلەن سۆزلەشتىم ئۆزۈم.
ئۇ نەزەرگە ئىلمىدى مىنى.
ھەتتا پىسەنت قىلمىدى مىنى.
مىنىڭ ئۈچۈن ئالەم تېپىشماق،
تەپەككۇردىن تولا بەك يىراق.
كىتابلاردىن قايتتى ئىخلاسىم،
ئەمدى مىنىڭ چىن ئېتىقادىم —
ۋۇجۇدۇمنىڭ جۇشقۇن غەيرىتى —
ساڭا بولسۇن ئالەم لەززىتى.
ئال باغرىڭغا، زامان توپانى،
سەرگۈزەشتلـەر قۇچىقىغا ئات.
شەۋقۇ دەردكە تولغان دۇنيانى، —
شادلىقنى ھەم غەمۇ جاپانى،
ۋىسالنى ھەم ھىجران بالانى
بەرسۇن ماڭا بارىچە ھايات.
يېتەكلىسە شىددەت كارۋىنى،
ئۆزلۈكنى تاپار ئادەمزات.

### مېفىستافېل

ئارزۇيۇڭغا يوق توسۇق ـ توغان،
ئىشتىياقتا ئۇرغاندا يۈرەك، —
شادلىق گۈلىنى بولغاندا ئۈزمەك
بولما پەقەت ئۇياتچان گۆدەك،
دادىل بولۇپ يۇلغىن شۇ ھامان.

### فائۇست

شادلىق ئەمەس مەندىكى تىلەك،
تىلىگىنىم قۇدرەتلىك بوران.
ماڭا ھېسلار يالقۇنى كېرەك،
كېرەك ماڭا ئۆرتۈگۈچى جان.
قايتتى مەندىن كىتابقا ئىستەك،
قول سوزارمەن خالايىق تامان.
تار قەپەزدىن قۇتۇلغان يۈرەك
ئەل دەردىگە بولسۇن ئاشىيان.
ھە، ئۇلارنىڭ غەم، كۈلپەتلىرى،
شادلىقلىرى، ئوقۇبەتلىرى،
كۆز ياشلىرى، كۈلكىلىرى ھەم
بولسۇن مېنىڭ قەلبىمگە ھەمدەم.

### مېفىستافېل

تىرىكلىك، بۇ — مىسالى تارمۇش،
مىڭ يىللاردىن بەنت ئاڭا چىشىم.

ئۇنى چاپناپ يۇتماق مۇشەققەت،
قادىر ئەمەس بۇ ئىشقا ھېچكىم.
تۇرماق تۇتۇپ ئالەمنى يۈتۈن،
تەڭرىنىڭلا ئىشىدۇر پەقەت.
ئۇنىڭ ئۆيى يورۇقتۇر كۈن - تۈن.
بىزلەر ئۈچۈن بارلىقى نىلگۈن*
بەرگەن تەڭرى تۈن ۋە كۈننى نەڭ
سىز بەندىلەر — ئادەملەر ئۈچۈن.

**فائۇست**

**مەن پەقەت تەڭشەيمەن!**

**مېفىستافېل**

بۇ پىكرىڭ بەك ساز!
ۋە لېكىن بەك ئۇزاق كامالەت يولى.
بېرىلگەن ئۆمۈرمۇ ھەددىدىن بەك ئاز.
زۆرۈردۇر بىر سادىق ياردەمچى قولى.
شائىرنى تاپ دەرھال، بولسۇن مەدەتكار،
پىكرىنى قەلبىڭگە ئورناتقىن چوڭقۇر.
جەم بولۇر ساڭا بارچە پەزىلەت:
بولۇرسەن شىردەك مەرد، قىراندەك ئۇچقۇر،
شۇۋېتتەك غالىبان، رۇملۇقتەك جەسۇر.
ئۆگىتەر ئۆزىدە قىلماقلىقنى جەم
مۇناپىقلىقنى ھەم، توغرىلىقنى ھەم.

---

*نىلگۈن — نىل رەڭ.

ھە، ئاندىن پۈتۈشكەن سۆزگە قىپ ئەمەل
بەنت قىلار سۆيگۈگە سېنى مۇكەممەل.
پىكرىڭدە جەم بولۇر بىر مەۋجۇت دۇنيا،
ئۆزۈڭ مىكراسكاسما بولۇرسەن تەنھا.

### فائۇست

مەن كىممەن ھەم نېچۈك بولۇرمەن ئادەم،
ئەگەردە ئادەمزات قىلغۇچى ھەۋەس —
ئارزۇلار تاجىغا ئېرىشەلمىسەم؟

### مېفىستافىل

سەن — ئۆزۈڭ، ھېچقاچان باشقىسى ئەمەس.
مىڭ ئۆرۈم چاچنى گەر ئالساڭمۇ تاقاپ،
ئالساڭمۇ بىر غېرىچ پاشنىنى قاراپ،
بەرىبىر — سەن ئۆزۈڭ، زورۇقما كۆپ، بەس.

### فائۇست

دېمەككى، بىلىملەر بايلىقى ئارا
مەن تەرگەن دۇرلارنىڭ ھەممىسى بىكار؟
دېمەككى، ناچاردىم، ھېلىمۇ ناچار،
زەررىچە كامالەت بەرمەپتۇ دۇنيا؟
ئۆزۈمدىن نېرىغا ئۆتەلمەپتىمەن،
چەكسىزلىك قوينىغا سىلجالماپتىمەن؟

## مېفىستافىل

كالته ئويلىماقلىق بەندىلەر ئىشى،
سەنمۇ باشقىلاردىن ئەمەسسەن ئارتۇق.
بار ئىكەن كۆكسۈڭدە هايات يالقۇنى،
ساڭا تەگرى بەرگەن ئامانەت تارتۇق، —
پايدىلان ئۇنىڭدىن، پۇرسەت غەنىمەت.
دۇنيادىن ھەقىقەت ئىزدەش نە ھاجەت؟
ئۆزۈڭگە خاس ساڭا بېرىلگەن بۇ باش،
ئۆزۈڭگە خاس يەلكەڭ، قولۇڭ، ئايىغىڭ.
بولمىسۇن ئىلكىڭدە نىمە ساڭا خاس،
ئۇ سېنىڭ، زۆرۈردۇر لازىم قىلمىقىڭ.
ئەگەردە ھارۋامغا ئالتە ئات قوشسام،
قاياققا بۇرىسام ئۇچسا تۆت پاي چاق.
دىمەككى، مېنىڭدۇر شۇ ئۇچقۇر قەدەم،
مېنىڭدۇر يىگىرمە تۆت ئاشۇ ئاياغ.
قاراڭغۇ كۆلبەڭنى تاشلا ئەمدى، بەس.
مەن بىلەن بىللە يۈر، كېزەيلۇق جاھان،
كىتاب بەندىسى، بۇ — تىزگىنسىز ھايۋان،
يۇلقۇنۇپ چېپىشتىن ئۆزگىنى بىلمەس.
ئەتراپتا نىمە بار - يوق ئۇندا ھەۋەس،
گۈلۈ چېچەكلەرنى قىلىدۇ پايخان.

## فائۇست

بارىمىز قاياققا؟

**مېفىستافىل**

كۆز كۆرگەن ياقىا!
قېنى بول، بۇ يەردىن كېتەيلى تېزرەك.
بەس، يېتەر، تەلمۈرۈپ قارا چىراغقا
غەنىمەت دەملەرنى بىكار ئۆتكۈزمەك.
سەن بېرەر تەلىملەر ئازابتۇر پەقەت،
ئۆزۈڭگە، بۇندىكى تالىپلارغا ھەم.
پاخال يانجىمايمۇ قالماس كۆڭلۈڭ كەم،
ھەم كەسپىڭگە قالسۇن بۇ بېنەپ مېھنەت.
نېمىمۇ دەر ئىدىڭ شاگىرتلىرىڭغا
كىتابتا يېزىلغان گەپلەردىن بۆلەك؟
دەرۋەقە ئۇلاردىن دەرس ئالماقتا
كەلمەكتە يول ئېلىپ بىر نەپەر گۆدەك.

**فائۇست**

بىمەھەل كەپتۇ ئۇ، ھازىر ۋاقتىم يوق.

**مېفىستافىل**

قوي، بالا ئۇمىدى بولمىسۇن بەربات.
كىرسۇن ئۇ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ بولسۇن توق،
ئورنۇڭغا مەن ئۆزۈم ئۇستاز بولاي شاد،
يېپىنچا، بۆكۈڭنى بۇ ياققا ئۆرات.

(فائۇستنىڭ كىيىملىرىنى كىيىدۇ)

ئېھ، قانداق ياراشتى كىيىملىك ماڭا،
يولۇڭغا كېتىۋەر ئىجازەت ساڭا.
ئالدۇ شاگىرتىڭ مېنىڭدىن ساۋاق.

(فائۇست چىقىپ كېتىدۇ)

ئېمىدۇر تەپەككۇر، ئىنسان قۇدرىتى!
يوق ئەمدى سەن ئۈچۈن ئۇلار قىممىتى.
ئالداشقا ئۆزۈڭنى يول بەرسەڭ، ئىنسان،
مېنىڭ قولۇمدا سەن شۈئان بىگۇمان.
خۇي - پەيلى مەلۇملۇق، بىئارام ئويى،
ئالەمنى قامااللاش ئۇنىڭ تىلىكى.
ئالەمنىڭ شادلىقى، شەۋقىنى قويۇپ،
نەگىدۇر تەلپۈنەر تەلۋە يۈرىكى.
مەن ئاڭا ئوقۇتاي ھايات كىتابىن،
غۇلتاي تۆۋەنگە قويۇپ دەرد - داغدا.
كۆرسۇن بۇ ئالەمنىڭ بارچە ئازابىن،
بارچە پەسكەشلىككە بولسۇن ھەم ھەغدا.
مەن ئاڭا سۇ بەرسەم ئىچىپ قانمىغاي،
ھەم ئاڭا ئاش بەرسەم تويۇنالمىغاي.
ئۇ ئۆزى ئىلىندى ئۇشتۇمتۇت بۈگۈن،
قولۇمغا چۈشەتتى ئەتە يە ئۆگۈن.

(تالىپ كىرىدۇ)

### تالىپ

كەلگىنىمگە كۆپ بولغىنى يوق،
ئەمما سىزگە ھۆرمىتىم ئۇلۇغ.

سىزدەك ئۇلۇغ زات بىلەن دىدار
كۆرۈشمەككە ئىدىم ئىنتىزار.

### مېفىستافېل

ھۆرمەت ئۈچۈن چىن دىلدىن رەھمەت،
مەندەكلەردىن كۆپ بۇندا غايەت.
ئۇشبۇ ماكان تونۇشتۇر سىزگە؟

### تالىپ

شۇ كۈنلەردە ياردىمىڭىزگە
موھتاجدۇرمەن، مۆھتەرەم ئۇستاز.
مەن بىلىمگە بولۇپ ئىشقىۋاز
بەكمۇ يىراق يۇرتتىن كەلگەنمەن،
ئىلىمنى ئۆزۈمگە پەرز بىلگەنمەن.
كۆپ يالۋۇردى كەتمە دەپ ئانام،
بولماس ئىدى ئەمما كەتمىسەم.
ئىلىم ماڭا — تىرىكلىك — ھايات!

### مېفىستافېل

بۇندا يايراپ قاقارسىز قانات.

### تالىپ

ئۇستاز سىزگە راستىنى ئېيتسام
پىكرىم — ئەمدى ئۆيۈمگە قايتسام.

بۇ دىمىقتى ھويلايۇ ئارام
دىلنى قىسىپ قىلدى بىئارام.
يوق بۇ يەردە ئازادىچىلىك،
بارچە ئۆيلەر قاراڭغۇ — كىچىك.
زەرداب يۇتۇپ بۇ ئۆيلەر ئارا
بولۇرمەنمۇ جىنىمدىن جۇدا.

مىفىستافىل

ئۆگىنىشتە، دوستۇم ھەممە گەپ،
بوۋاقلارمۇ كۆز ئاچماي، دەسلەپ
تاپالمايدۇ ئانا كۆكسىنى،
ئۆزگەرتىش تەس ئادەت كۈچىنى.
سىزمۇ قويغاچ ئىلىمگە كۆڭۈل،
ئۇندىن سىزنى ئايرىماق مۇشكۇل.

تالىپ

ئىنتىلەتتىم جان دەپ بىلىمگە
كۆنەلىشىم مۇمكىنمۇ بىراق؟

مىفىستافىل

قىزىقىسىز قايسى ئىلىمگە؟
قايسى ساھە سىزگە ياخشىراق؟

**تالىپ**

ئۈستەكلىرىم چەكسىز، بىپايان،
ھەر ساھەنىڭ ئالىمى بولسام.
يەر، سۇ، ھاۋا، تەبىئەت، ئاسمان،
بارلىقنىڭ سىرىنى ئاچسام.

**مېفىستافېل**

بەكمۇ توغرا، بەكمۇ خوپ نىيەت،
ئەمدى زۆرۈر قىلماقلىق ھەرىكەت.

**تالىپ**

كۆڭلۈمدىكى نىيىتىم ئۈچۈن
بارلىقىمنى بېغىشلاي پۈتۈن.
دەم ئېلىش كۈن، تەتىلدە گايى
ئويناپ ئالسام يوقمۇ گۇناھى؟

**مېفىستافېل**

ئۆتكۈزمەك ھېچ پۇرسەتنى بىكار،
ئىلىم ئېلىشتا مۇشەققەتمۇ بار.
ئالىم بولماق ئۈچۈن مۇكەممەل،—
مەنتىق ئىلمىنى ئۆگىنەلەڭ ئەۋۋەل.

ئۇ ئەقىلغا ئەڭ ياخشى مەلھەم،
ئۆگىتىدۇ ئىنتىزامغا ھەم.
سىزدىكى بۇ ساددا تەپەككۇر
ئۆگەنگەنچە توغرا يول تاپۇر.
شۇ چاغقىچە بولسا ئاددىي ئىش
نەزەرىڭىزدە ئىچمەك ۋە يېمەك،
خاتا قىلغان ئىكەنسىز دېمەك،
زۆرۈر ئۇنى توغرا ھېس قىلىش.
بار بۇ يەردە پەقەت ئۈچ ھەرىكەت
بار سۇبيېكتىپ ۋە پىرېدىكەت.
ئىنسان ئەھلى خۇددى دەستىگاھ،
دەستەك. پىچاق باردۇر ئۇنىڭدا،
باردۇر ھەمدە ئارقاق ۋە ئۆرۈش،
مىڭنى باغلار بىر يىپ بىر يۇرۇش.
ئايان بولغاچ ئۇشبۇ ھەقىقەت،
پەيلاسوپقا كېلىدۇ نۆۋەت.
ئۇنىڭدا بار تەرتىپلىك پىلان،
ئۆگىتىدۇ بىرمۇ بىر ئوبدان:
بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نېمە،
ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى نېمە.
قانچە قىلماڭ ئالەمنى بىراق،
قانچە سالماڭ ئۇنىڭغا نىگاھ،
بۇ تەپەككۇر نامەلۇم دەستىگاھ.
ھايات رەختىنى توقۇشتىن يىراق.
بىلمەك بولۇپ ئالەم سىرىنى،
بۆلەكلەرگە بۆلىدۇ ئۇنى،
جاندىن جۇدا قىلىدۇ ئۇنى،

توپلىغاندا ئۇنى بىر كۈنى،
تېپىپ بولماس تىرىك ئەسلىنى.
«تەبىئەتنىڭ ئادىتى» بۇ دەر،
ئۆز ئۈستىدىن كۈلۈپ كىمياگەر.

**تالىپ**

سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم ھېچ.

**مېفىستافېل**

چۈشىنەرسىز تاڭلا ياكى كەچ،
رېداكسىيە بەرگەچ تــەبىرىن،
ھەم مۇرەككەپ تۈركۈملەش سىرىن.

**تالىپ**

ھېچ نەرسىنى ئۇقمىدىم، راست سۆز.
باش ئايلىنىپ، چىڭقالماقتا كۆز.

**مېفىستافېل**

بەلنى مەھكەم باغلاڭ بۇ ئىشقا،
ئوقۇڭ ئاندىن مېتافىزىكا.
تولۇق بىلمەك مۇمكىن ئەمەستۇر،
تىرەن ئىكەن دېسىڭىز بەستۇر.
سىلىق سۆز كۆپ ھەر ھالەتكە ماس،
مۇشەققەتتىن بولماقتا خالاس.

لېكىن دەسلەپ ئالغاندا بىلىم،
قەتئىي تەرتىپ ـ قائىدە لازىم.
لېكىن شۇنى ئۇنۇتماڭ پەقەت،
دەرس ئېلىڭ كۈندە بەش سائەت.
قوڭغۇراقنى چېلىشتىن بۇرۇن،
ئېلىڭ ئالدىن سىنىپتىن ئورۇن.
بىر مەسلىھەت ـــ باشلانماستىن دەرس،
قوللانمىغا تاشلاپ قويۇڭ كۆز.
ئېيتالمايدۇ موللىڭىز ھەرگىز،
قوللانمىدىن تاشقىرى بىر سۆز.
ئېرىنمەستىن لېكىن دەپتەرگە
يېزىڭ موللا ئېيتسا نېمىنى.
گويا ئۇلۇغ ساماۋى بىر كۈچ،
سۆزلىگەندەك ھەدىس شەرھىنى.

## تالىپ

مەن ئەزەلدىن يېزىشقا خۇشتار
يېزىپ ئالاي قالدۇرماي بىر خەت.
پۈتۈلگىنى قەغەزگە تولۇق،
ساقلىنىدۇ يوقالماي پەقەت.

## مېفىستافېل

خوش، كىرىسىز قايسى بۆلۈمگە؟

## تالىپ

ھوقۇق ئانچە ياقماس كۆڭلۈمگە.

### مېفىستافېل

بەللى! بولۇك بۇ پەندىن نېرى —
توپ - توپ قەغەز، يوق ئۆزگە چارە.
كونا قانۇن ئەقىدىلىرى
گويا ئۇدۇمدىن قالغان بىچارە.
بەش - ئون ئەۋلاد يـاشار گاھ قانۇن،
بىراق دەۋر توختىمايدۇ ھېچ.
قىلسا بىر چاغ قانۇن ئادىل ئىش،
كۈلپەت بىلەن ئالماشقان بۈگۈن.
تىرىكلىكنىڭ قانۇنى ئۆزگە
بىراق ئۇنى ئىلشماس كۆزگە.

### تالىپ

قانۇنشۇناس بولمىقىم مۈشكۈل،
يوقتۇر مەندە ئاڭا ئىشتىياق،
ئىلاھىيەت ئىلمى ياخشىراق.

### مېفىستافېل

ھەرگىز سۇنماڭ بۇ ئىلىمگە قول!
ئۇ مىسالى پايانسىز ئورمان،
ئادىشىدۇ كىرگەن بىگۇمان.
مەن كۆرستەي سىزگە توغرا يول:
نېمە دېسە — ئالدىسا موللا،

ئىشىنىڭ ۋە تەكرارلاش ئۇنى.
شەك كەلتۈرمەك ئۈنىڭغا ئەسلا،
دەرد تارتمايسىز بىلسىڭىز شۇنى.
سۆزنى ئەستە تۇتۇڭ، توغرا يول
باشلار سىزنى ئىشەنچ قەسرىگە.

تالىپ

توغرا، ئەمما ھەربىر سۆز ئىگە —
ئۆز مەزمۇنى — مەنە ئەسلىگە.

مېفىستافىل

مەنە ئىزدەش — بىھۇدە مېھنەت،
ئاڭا يوقتۇر ئەسلا زۆرۈرىيەت.
سىلىق سۆزلەر تىپىلسا ئەپلەپ —
مەنىسىزمۇ تۈزسە بولۇر گەپ.
قۇرۇق سۆزنىڭ ئۆزىدىن دائىم
نەزەرىيە يارىتار ئالىم.
سۆزنى لازىم مۇقەددەس بىلىش،
ياخشى ئەمەس ئۇنى رەت قىلىش.

تالىپ

سوئال سوراپ چارچاتسام سىزنى
كەچۈرەرسىز ئەلۋەتتە مېنى.
ئىلاھىيەت بولمىسا ئەگەر،

بولاتتىمۇ تىبابەت ئىلمى؟
ئۈچ يىل ئىكەن ئوقۇش مۇددىتى،
ئۈچ يىل ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت —
ئەستايىدىل قىلساملا ھەرىكەت
نېسىپ بولۇر بۇ پەن ھېكمىتى.

## مېفىستافېل

(چەتكە قاراپ)

بۇ موللىلىق تەگدىغۇ جانغا،
ئايلانغۇم بار يەنە شەيتانغا.

(تالىپقا قاراپ)

نېمە زادى تىبابەت دېمەك،
ئاسان بۇنىڭ تەكتىگە يەتمەك،
ئالەم ئارا بولسا قانچە سىر،
ھەممىسىنى ئۆگىنىڭ بىر - بىر.
ئاندىن ئۇنى تاشلاپ قويۇڭ، بەس،
ساق مېڭىنى بۇزۇش شەرت ئەمەس.
نېمە سىزگە لەزدىزدۇر بۇگۈن،
ئۇنى تېپىش لازىم سىز ئۈچۈن.
ئۆزگە غەمنى تامام ئۇنۇتۇڭ،
تەۋەككۇلنىڭ پېشىنى تۇتۇڭ.
كېلىشكەنسىز، كۈچكە لىق تولۇق،
تېخى ياشسىز، قەلبى يالقۇنلۇق.

كىم ۋىقار*نى ئەيلىسە كەسىپ،
ئۇ ئەل ئارا ھۆرمەتكە نېسىپ.
قويۇڭ دانىش كىتابىن يېپىڭ،
ئاياللارنىڭ يېنىغا چېپىڭ.
سىز ئۇلارغا بولۇڭ خېرىدار،
كۆزىڭىزدە ئەڭ زور دورا بار.
جانانلارنىڭ ئاھ - پىغانىغا،
ئارا تۇرۇڭ ئۇلار جېنىغا.
بولۇپ گويا كەمتەر كەمىنە،
گويا غەيرىي ئويدىن يېگانە.
كېسەلگە سىز كېلىپ يېقىنراق،
يۈرىكىگە قويارسىز قۇلاق.
شۇ دادىللىق، ھەييارلىق بىلەن،
تەكشۈرسىز قىلماستىن پەسەنت.
ئاخىر يۇمشاق كۆكرىكىنى ئۇ،
تۇتار نىھان قىلىپ گەۋدە بەنت.

## تالىپ

بۇ — باشقا گەپ! ئۇزى نەق ئامەت!
ئاشار ئىشقا بۇ ساز مەسلىھەت.

## مېفىستافېل

نەزەرىيە — قاخشال بىر كۆتەك،
ياشنار ھايات دەرىخى ئەبەد.

---

* ۋىقار — مەغرۇرلۇق.

**تالىپ**

سۆزىڭىزدىن يوقالدى ھوشۇم،
ئوڭۇمۇ بۇ ۋە ياكى چۈشۈم.
رەھمەت سىزگە، يەنە كېلىمەن.

**مېفىستافېل**

كېلىڭ، بەكمۇ خۇرسەنت بولىمەن.

**تالىپ**

ئېغىر كۆرمەي — بەلكى بىرەر سۆز
دەپتىرىمگە يېزىپ بېرەرسىز؟
قۇرۇق كەتمەي دەرگاھىڭىزدىن.

**مېفىستافېل**

مەيلى، بولسۇن خاتىرە بىزدىن.

(تالىپنىڭ دەپتىرىگە يازىدۇ)

**تالىپ**

(ئوقۇيدۇ)

Éritus sicut dei scientes bonum et malum*

(تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ)

* ياخشىلىق ھەم يامانلىقنى خۇددى تەڭرىدەك بىلىۋالغايسىز.

مېفىستافېل

يىلاننىڭ سۆزىنى ئەسلىسەڭ ئەگەر،
تەڭرى مانەنتلىكتىن* قالمىغاي ئەسەر.

(فائۇست كىرىدۇ)

فائۇست

خوش، نەگە جۆنەيمىز؟

مېفىستافېل

خالىساڭ نەنى.
بۇ كىچىك ئالەمنى ۋە چوڭ ئالەمنى.
بۇ دەرس سىرلارنى ئاچىدۇ پۈتكۈل،
بىغەمشلار ساڭا زوق، تۈيغۇلماس مۈشكۈل.

فائۇست

ۋە لېكىن ساقالغا قارا، بەك ئۇزۇن،
مۇناسىپ ئەمەسمەن زوق - شەۋق ئۈچۈن.
شۇ شادلىق پەيزىگە بولماققا نائىل،

*مانەنت — ئۈخشىشى، تەڭدىشى.

مەن ئۈچۈن چەبدەسلىك، ئېتىكلىك كەمچىل.
شاد - خۇرام ئۆلپەتلەر ئارا مەن تەھقىق،
خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىمىقىم ئېنىق.

### مېفىستافېل

ياشاشقا ئۆگىنىش ئانچە تەس ئەمەس،
شەرت شۇكى — ئۆزۈڭگە ئىشەنچ بولسا بەس.

### فائۇست

بۇ قانداق سەپەردۇر بەكمۇ غارايىپ؟
ھارۋا يوق، ئاتمۇ يوق، ھارۋىكەشمۇ يوق.

### مېفىستافېل

ھە، مانا يېيىنچام، ئۇنى كەڭ يېيىپ،
ھاۋاغا ئۇچىمىز، كۆڭلۈڭ بولسۇن توق.
ۋە لېكىن چىن پۈتكىن، ئارتۇق بىر تۈگۈن،
مالاللىق كەلتۈرەر ئۇچماقلىق ئۈچۈن.

مەندە بار ئۇچۇشقا ئوت بىلەن ھاۋا،
ئۇچارمىز، ۋەزنىمىز شامالدەك بولسۇن.
قۇتلۇق بولسۇن ساڭا يېڭى بۇ دۇنيا،
يېڭى ھايات ساڭا مۇبارەك بولسۇن!

## لىيپسىگدىكى مەيخانا

### كەيپ ـ ساپا قىلىۋاتقان ئۆلپەتلەر

**فراش**

ھېچكىم ئىچمەس، دېمەك، كۆلكە ئوشۇقچە،
ھېچكىمگە شادلىقنىڭ يوقتۇر ھاجىتى؟
تۇرقىدىن شۇنچىلىك راۋۇرۇس يىگىتلەر
ئولتۇرار، ئىشۇنغان نادەك ھالىتى.

**براندېر**

كۆلمىسە يىگىتلەر، ئۆزۈڭ ئەيىبلىك،
كۆرسىتىپ بەرمىدىڭ بىرەرمۇ قىلىق.

**فراش**

(ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئىستاكان ھاراقنى قۇيىۋېتىدۇ)

ھە، مانا ئەمىسە!

**براندېر**

ھەي توڭگۇز، ئىپلاس!



فراش

سەن قىلىق سورىدىڭ، بىجىردىم خالاس.

زىبىل

بەس، توختات ماجىرانى! كىم قىلسا جىدەل،
مۇشت يەيدۇ مىنىڭدىن، ئىيت، ھەممىڭ غەزەل!

ئالتمەيىر

نىمانچە توۋلايسەن، قۇلىقىم پۈتتى،
ئۈچ قەۋەت پەردىسى يىرتىلىپ كەتتى.

زىبىل

باس ئاۋاز دىيىشەر سەن بۇنى بىلسەڭ،
ھىساب ئەمەس ۋارقىراپ تام تىترەتمىسەڭ.

فراش

ناخشا خۇش ياقمىغان چىقسۇن تالاغا،
تا - رى - راي - راي!

ئالتمەيىر

تا - رى - راي - راي!

فراش

هە، مانا، ئاۋازلار ماس كەلدى راسا.

(ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

«ئېيتىڭا، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى
گۇمران بولدىمۇ، بارمۇ دۇنيادا؟»

براندېر

قويساڭچۇ، ئۇنىڭدەك سىياسىي كۈينى،
بىمەنە كۈي يوقتۇر بۇنىدىن زىيادە.
تەڭرىگە مىڭ مەرتە قىلغىنكى شۈكۈر،
ھەشەمسىز سالامەت تۇرۇپسەن ھامان.
سېنىڭدە ئىمپېرىيە تەشۋىشى يوقتۇر،
ئارزۇ ۋە مەقسىتىڭ ئۆزگىدۇر تامام.
ئەمەسمەن مەن ھەرگىز شاھ ياكى خاقان،
ئەمەسمەن كاتىپى ئىمپېرىيىنىڭ.
كۆپچىلىك قاتارى مەن ئاددىي ئىنسان،
مەن مەستمەن ــ خۇش كەيپ، مەي ئىچىتىم پەقەت.
ۋە لېكىن باشلىقسىز چىقار ئىش ئىزدىن،
شۇنىڭغا لازىمدۇر پاپا بىز ئۈچۈن.

فراش

(ناخشا ئېيتىدۇ)

ئۇچ، بۇلبۇلۇم، جان بۇلبۇل،

ئۆرلە ئاسمانغا.
سالامىمنى يەتكۈزگىن
سۆيگەن جانانغا.

### زىبىل

جانانلارغا نېمە بار؟
ئۇلار نە ھاجەت!

### فراش

بۇرادىرىم، بۇنچىلىك
بولما بىشەپقەت.

(ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

ئىشىكنى ئاچ، يار كەلدى،
ئەي، ساھىبجامال.
تاڭ ئاتتىيۇ يار كەتتى،
ئەمدى قۇ[illegible] سال.

### زىبىل

مەنسۇپمۇ جانانغا شۇنچىلىك شەرەپ؟
قىلىپسەن جان پىدا نېمانچە ئاگا؟
ئاياندۇر ئۇلارنىڭ كىملىكى ماڭا،
ھەممىسى ئالدامچى، تامام بىۋاپا.

گەر يولغا ئاتلانسا مەن سۆيگەن بەرنا،
يولۇقسۇن تسكە بوپ ئۇنىڭغا شەيتان.
ئۆچكە بوپ كۆرۈنۈپ بەرسۇن ئۇ سالام.
قىلسۇن ھەم مەرەپ خەيرلىك ئاخشام،
كۆڭلى پاك يىگىتكە ئۇ بىگانىدۇر،
ئانچە نالە قىلما — باقماس تاش يۈرەك.
ئاڭا تەزىم قىلغان نەق دىۋانىدۇر،
دېرىزىسىن ئۇرۇپ سۇندۇرماق كېرەك.

## براندېر

(جوزىنى مۇشتلايدۇ)

بىر تەكلىپ بار، جانابلار، دىققەت!
مەن تۇرمۇشتىن خېلى خەۋەردار.
بۇندا بارچە — ئەھلى مۇھەببەت،
بۇ يىگىتنى نىشانلاش بىكار.
يېڭى ناخشا بار مانا مېنىڭدە،
نەقراتىغا جور بولسۇن ھەممە.

(ناخشا ئېيتىدۇ)

تۇلۇم چاشقان ماينى يەپ
راسا تويۇپتۇ.
خۇددى دوكتور ليۇتېردەك
قورساق قويۇپتۇ.
خېنىم بەر كۈن مەرگۇمۇش

تاشلاپتۇ ئاستا.
ھالسىز ئىمىش چاشقانمۇ
ئاشىقتەك خەستە.

**ھەممە**

ئاشىقتەك خەستە.

**براندېر**

ئۆزىن ھەر يان ئۇرۇپ ئۇ
چېپىپتۇ ھەر ياق.
ئىچىن زەھەر ئۆرتەپتۇ
ئۇندىن بەتتەرراق.
كۆلچەكلەردىن ئىچىپ سۇ
چۆرگىلەپتۇ غىر - غىر.
نالە قىلىپ يىغلاپتۇ
ئاشىقتەك دىلگىر.

**ھەممە**

ئاشىقتەك دىلگىر.

**براندېر**

ئاشخانىغا كىرىپ ئۇ،
ئاندىن ناگىھان —

ئوت ئالدىغا كېلىپلا،
يىقىلدى بىجان.
خانىم قاھ - قاھ ئۇرۇپتۇ:
«ئەجەبا، نىھال!
قاراڭ، شورلۇق تۆگەشتى
ئاشىقتەك بىھال!»

ھەممە

ئاشىقتەك بىھال».

زىبىل

ئەجەب، شۇمۇ كۆي بوپتو...
چاشقانغا ئوغا بېرىپتۇ، —
چۆچەكمۇ بۇ، ھېكايە؟

براندېر

ئۇقسىڭىز ئۇ زامان - زاماندىن
شۇ چاشقاننى قىلار ھىمايە.

ئالتمەيىر

ھەيران بولماڭ ھەرگىز بۇرادەر
ئاڭلىغاندا ناخشا سۆزىنى،

ئەپسلىكنىڭ سېھرى تۈپەيلى،
شۇ چاشقاندەك سەزدى ئۆزنى.

(فائۇست ۋە مېفىستافېل كىرىپ كېلىدۇ)

### مېفىستافېل

مانا كەلدۇق، ئاۋۋال مەن ساڭا
كۆرسىتىمەن بۇ مەيخانىنى.
كۆرۈپ كەيپ - ساپانى بۇندا،
ئىشتەرسەن نەغمە - ناۋانى.
مەنىلىك گەپ پەيزىنى سۈرۈپ
مەي ئىچىشىپ كۈلەر شادىمان، —
ئۆز قۇيرۇقى بىلەن ئوينىشىپ،
يايرىغاندەك مىسالى ئاسلان.
ئۇلار بىلمەس قايغۇنى، غەمنى،
باش ئاغرىقى بولمىسا بولدى.
قاۋاقخانا ئىگىسى مەينى،
نىسى بېرىپ تۇرسىلا بولدى.

### براندېر

ئۆزگە يۇرتلۇق مېھمانلار قاراڭ!
بەلكى كەلگەن ھازىرلا ئۇلار،
چۈنكى بىرى قالغاندەك ھاڭ - تاڭ.

### فراش

گېپىڭ توغرا، كەلگىنىدى بۇلار
لېيپسىگ بولسا، ئالقانچىلىك يەر،

ئادەملىرى تامامەن ئۆزگە.
بۇ يەرلىكنى تەس ئەمەس تونۇش،
بىر قاراشتا تاشلىنار كۆزگە.

زىبىل

نەدىن كەلگەن ئۇلار، زادى كىم؟

فراش

مەن ئۇلارغا ئىككى قەدەم مەي—
سۇنىمەن ـ دە، تەمكىن ـ تىنىمەي،
قوياي سوئال، ئەسلى زاتى كىم!
مەرتىۋىلىك كىشىلەر بەلكىم،
قاراشلىرى مەغرۇر، بىپەرۋا.

براندىر

ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەز ئۇلار.

ئالتمەيېر

بۇ توغرا گەپ!

فراش

ئالدىرىماڭ ئەسلا،
مەن سىنايمەن شاھىتتۇر خۇدا.

مېفىستافېل

(فائۇستقا)

قارا، شەيتانغىمۇ پەرۋا قىلىنماس،
كېلىدىن سىقساڭمۇ قاراپ قويۇشماس.

فائۇست

سالام، ئەي جانابلار!

زىبېل

سالامەت بولۇڭ!

(مېفىستافېلغا كۆز قىرىنى تاشلاپ، ئۆز-ئۆزىگە)

ئاقساق ئىكەن بىر پۇتى بۇنىڭ.

مېفىستافېل

مۇمكىنمۇ قوشۇلساق بىزمۇ سۆھبەتكە؟
بۇندا ياخشى شاراب تېپىلمىسا ھەم
خۇشالمىز ئۇچراشقان ياخشى ئۇلپەتكە.

ئالتمەيېر

تاۋىڭىز نازۇكتەك قىلار، مۆھتەرەم.

فراش

ئېھتىمال سىز كېچە رىيپپاختتا قونۇپ —
گەنس تەنتەككە ھەمدەم بولغانسىز؟

مېفىستافېل

تاپتىڭىز، شۇ بۈگۈن سۆزلەشتۇق قېنىپ،
سورىدى سىزنى تۇغقان ئىكەنسىز.
يادىمدىن چىقىپتۇ، قاراڭ، ئەزىزىم،
سىزگە يوللىغاندى سالام ۋە تەزىم.

(فراشقا تەزىم قىلىدۇ)

ئالتمەيېر

(پەس ئاۋازدا)

بابلىدىغۇ!

زىبېل

يامان ئىكەن ئۇ، بەللى!

فراش

ئالدىراپ كەتمىسۇن، تېتىيمەن ھېلى.

مېفىستافېل

بىز بۇ يەرگە قويغاندا قەدەم،
ناخشىڭىزلار ياڭرىغان بەك ساز.
بۇ ناخشىغا ئەپلىك جاي ئىكەن،
جاراڭلاركەن بۇ يەردە ئاۋاز.

فراش

ناخشا ئېيتىپ، چالالامسىز ساز؟

مېفىستافېل

ھەۋەس كۈچلۈك، قابىلىيىتىم ئاز.

ئالتمەيېر

كۆيلەپ بېرىڭ.

مېفىستافېل

مەيلى، مەرھەمەت.

زىبېل

شەرت شۇ، يېڭى بولسۇن كۈي پەقەت.

**مېفىستافىل**

بىز كەلگەن يۇرت ــ بىلسىڭىز ئىسپان،
ئۇ يۇرت شاراب ۋە ناخشىلارغا كان.

(ناخشا ئېيتىدۇ)

«بولغانىكەن بىر كارۇل
دوستىكەن بۈرگە».

**فراش**

بەلەن گەپ ــ كارۇلغا جۈپ ئىكەن بۈرگە،
لايىق يوق كارۇلغا بۇنىڭدىن ئۆزگە.

**مېفىستافىل**

(ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

«بولغانىكەن بىر كارۇل
دوستىكەن بۈرگە.
ياشايدىكەن بەك خۇشال
ئىككىسى بىرگە.
دانا كارۇل چاقىردى
سەيپۇڭنى بىر كۈن،
لىباس تىك دەپ ۋارقىرىدى
بۈرگىجان ئۈچۈن».

**براندېر**

ئۈيتىش شەرت بۆيرۇققا شۇنىمۇ قوشۇپ:
سىلىق، ساز كىيىنسۇن بۈركىباي جاناب.
گەر بىرەر يەرلىرى قالسا پۈرلىشىپ،
سەيپۇڭ بېشى بىلەن بېرىدۇ جاۋاب.

**مېفىستافېل**

(ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

مانا بۈرگە ئۈستىدە
شاھانە لىباس.
بېلىدە زەر قىلىچى
سەركەردىگە خاس.
كۆكسىدە نىشان قاتار،
مىنىستىر ئۇنى.
سارايدا بار مەنسەپدار —
بۈرگە ئەۋلادى.
سۈرۈپ بۈرگە ھۆكمىنى،
يايرىدى ھەردەم.
كارۇلنىڭمۇ بەدىنى
بولدى ئاغا يەم.
قالدى كارۇل ئامالسىز
كەتمەككە قېچىپ.
ئەمما بىز — خەلق بۈرگىنى
تاشلايمىز يانجىپ.

**ھەممە**

(خۇشاللىق بىلەن)

ئەمما بىز — خەلق بۈركىنى
تاشلايمىز يانجىپ.

**فىراش**

بۇ نەقەدەر ساز ناخشا! مەنىلىك تازا!

**زىبىل**

بارلىق بۈركىلەرگە شۇ بولسۇن جازا!

**ئالتمەيىر**

ياشىسۇن ئازادلىق! ياشىسۇن شاراب!

**مېفىستافىل**

ياخشى مەي بولغاندا بۇ يەردە شۇ دەم
ئازادلىق ھەققىدە ئىچەتتىم مەن ھەم.

**زىبىل**

بۇ تۆھمەت! نەدە بار بۇنداق ياخشى مەي!

**مېفىستافېل**

مەيخانا ئىگىسى قالمىسا رەنجىپ،
مۇمكىنكى بىر ياقتىن چىققان شارابنىڭ
بولاتتى تەمىنى كۆرۈشكە تېتىپ.

**زىبېل**

كۆرسىتىڭ، تارتىنماڭ، مانا مەن تەييار!

**فراش**

مەن هاراق تەمىنى بىلمەيمەن، شۇڭا
تويغۇچە سۈمۈرۈپ ئىچمىسەم بىكار.
تولدۇرۇڭ، سەزمەككە ئۇنىڭ كۈچىنى
بىرنەچچە ئوتلاشلار قىلماس ماڭا كار.

**ئالتمەيېر**

(پەس ئاۋازدا)

هە، بۇلار رېيىندىن كېلىشكەن، تاپتىم!

**مېفىستافېل**

بىر تال بۇرغا تېپىڭ.

براندېر

ئېمىگە لازىم؟
ۋە ياكى بوچكىڭىز بارمۇ تالادا؟

ئالتمەيېر

ئەسۋابىنىڭ ھەممىسى ئاۋۇ قۇتىدا.

مېفىستافېل

(بۇرغىنى ئېلىپ فراشقا)

سىز ئۇچۇن شارابىنىڭ قايسىسى كېرەك؟

فراش

شارابىنىڭ كۆپ خىلى باركەنده دېمەك؟

مېفىستافېل

مەرھەمەت، بۇيرۇڭ سىز كۆڭۈل تارتقاننى.

ئالتمەيېر

(فراشقا)

ئالدىرىما، ئېيت ئۆزۈڭ لازىم تاپقاننى.

فىراش

مەن ئۇچۇن رېيىننىڭ شارابى زۆرۈر،
ئۆز يۇرتىنىڭ شارابى بېغىشلار ھۇزۇر.

مېفىستافېل

(فىراش ئولتۇرغان جايدىن ئۇستەلنى تېشىپ)
تۆشۈكنى ئەتمەككە كېرەك بىرئاز مۇم.

ئالتمەيېر

بۇ ئادەم — كۆرىمىز، ئەپسۇنگەر چوقۇم!

مېفىستافېل

(براندېرغا)

سىز ئۇچۇن قايسىسى؟

براندېر

شامپاندىن بولسۇن،
مەۋج ئۇرۇپ، تورۇس تامان ئېتىلسۇن.

(مېفىستافېل بۇرغىلايدۇ، مېھمانلاردىن بىرى مۇم بىلەن
تۆشۈكلەرنى بېكىتىپ تۇرىدۇ)

ئۆزگە يۇرت ئىنسانىسىن رەت قىلىپ ،ۇلماس،
يىراق ئەللەردىنمۇ كېلىدۇ ساۋاب.
فرانسۇز نېمىسقا گەرچە دوست ئەمەس،
ۋە لېكىن ئالمىشىپ تۇرىدۇ شاراب.

**زىبېل**

(يېنىغا مېفىستافېل يېقىنلاپ كەلگەندە)

شېرىنى بولسىكەن — ئەلۋەتتە بىزگە،
ئىچىشكە قېرىقمەن ئاچچىقراق شاراب.

**مېفىستافېل**

(بۇرغىلايدۇ)

تاكەي شارابىدىن قۇيىمەن سىزگە.

**ئالتمەيېر**

كۆزۈمگە بىر قاراڭ، مۆھتەرەم جاناب،
گوللىماق بولدىڭىز بىزنى سىز، ئايان!

**مېفىستافېل**

قويۇڭا، ئاخىرى ئەمەسقۇ ئاسان
مۇشۇنداق قەدىرلىك زاتلارنى ئالداش.

ھە، قېنى، ئۈستەكنى قىلىڭلار بايان،
قۇيماقلىق — بىزدىندۇر، سىلەردىن — تالاش.

ئالتمەيىر

شەرت شۇكى، تېز بولۇڭ! ئۆرتەندى بۇ جان.

مېفىستافىل

(سىرلىق ھەرىكەتلەر بىلەن)

تەكتە شەربەتلىك ئۈزۈم،
تەكنىڭ تالليرى ئۈزۈن.
مەي ئانىسى ياغاچتۇر،
ياغاچ مەيلىك چاناشتۇر.
خالىسام ئەگەردە مەن
بۇ ياغاچ كۆرسىدىن ھەم
چەشمە بولۇپ چېچىلىپ،
چىققۇسى مەي ئېتىلىپ.
مۆجىزىگە باي ئالەم،
بىرلا مۆجىزە بۇ ھەم.
قاپقاقلارنى ئېچىپ تېز،
ھە، مەرھەمەت، ئىچىڭ سىز.

ھەممە

(تۆشۈكلەردىن مۇمنى چىقىرىشىدۇ، ھەممىسىنىڭ
خالىغان شارابىلىرى ئىستاكانلارغا قۇيۇلىدۇ)

بەختلىك كۈن بارمۇ بۇنداق!
مەي ئاقار بولۇپ بۇلاق!

**مېفىستافېل**

قالدۇرماستىن ئىچكىلار زەررە،
تۈكۈلمىسۇن بىر تامچە يەرگە.

(يەنە بىر ئىستاكاندىن ئىچىشىدۇ)

**ھەممە**

(ناخشا توۋلىشىدۇ)

كاركىراپ، چىرقىراپ، يايراپتىمىز بىز،
چىققاندەك ساسلىققا بەشيۈزچە توڭگۇز.

**مېفىستافېل**

(فائۇستقا)

ئازادلىق ۋەسلىگە يەتتى، كۆر، ئىنسان.

**فائۇست**

كېتەيلۇق، كۆڭۈلگە تەگدى بۇ ماكان.

مېفىستافېل

ئالدىرىما، بۇلارنىڭ ھايۋانلىق خۇيى —
پۈتۈن كوركى بىلەن بولسۇن نامايان.

(زىبېل ئېھتىياتسىزلىقتىن مەينى تۆكۈپ قويىدۇ،
مەي تۆكۈلگەن يەردىن ئوت كۆتۈرۈلىدۇ)

زىبېل

ئوت كەتتى! دات، ياردەم! دوزاخ ئوتى بۇ!

مېفىستافېل

(دۇئا ئوقۇيدۇ)

تىنچلان، تېز ئۆچكىن قەدىردان ئاپەت!

(ھەممىگە)

بۇ پەقەت ئەرسات* ئەلەڭگىسىغۇ!

زىبېل

بەس قىل، ئەي جادۇگەر، چاقچاقنى توختات،
بولمىسا ئۆزۈڭگە تاپىسەن كۈلپەت.

* ئەرسات — ئىسلام دىنىدا ئېيتىلىشىچە: قىيامەت قايىم بولغاندا جىمىكى ئادەمزات تىرىلىپ توپلانغان قورقۇنچلۇق دەشت، قىيامەتگاھ.

فرىاش

يەنە بىر تەكرارلاپ كۆرگۈنچۈ، قېنى!

ئالتمەيېر

ۋاقتىدا كېتىدۇال، بولمىسا، سېنى...!

زىبېل

قالىداق جۇرئەت قىلدىڭ، ئەپسۇنگەر رەزىل
بۇ يەردە بىز بىلەن قىلماققا ھەزىل؟

مېفىستافېل

جىم بول، ھەي ئوپقان!

زىبېل

تىلىڭنى تارت، چۆلاق سۇپۇرگە!
كېرەكمۇ يا ساڭا بىر ـ ئىككى تۇرتكە!

براندېر

ھېلى مۇشتىمىزنى سىناپمۇ كۆرەر!

(ئالتمەيېر بىر تال مۇم قاپقاقنى سۇغۇرىدۇ —
تۆشۈكتىن يالقۇن كۆتۈرۈلىدۇ)

ئالتمەيىر

ۋاي، دات! ئۆرتەندىم!

زىبېل

ئۇشلاڭ! جادۇگەر!
مۇكاپەت ئالىدۇ كىم تۇتسا ئەگەر!

مېفىستافېل

(بىپەرۋالىق بىلەن)

تىڭشاپ جادۇ سۆزىنى،
تۇمان قاپلاپ كۆزىنى،
كۆرسۇن ئۇلار ئۆزىنى
ھەم بۇندايــۇ، ھەم ئۇندا.

(ھەممە بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىغانچە تۇرۇپ قالىدۇ)

ئالتمەيىر

ئەجەبا، مەن نەدە؟ قانداق گۈزەل باغ!

فراش

قارا بۇ تەكلەرگە، ئۈزۈملەرگە باق!

زىبېل

ھەر غۇژمەك ساپاقتىن ئۈزۈلمەس كۆزۈم!

براندېر

مانا نەق ئالتۇندەك بىر شىگىل ئۈزۈم!

(زىبېلنىڭ بۇرنىدىن تۇتىدۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ ۋە پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈشىدۇ)

مېفىستافېل

(بۇرۇنقى ھالەتتە)

تارقالسۇن كۆزلەرنى قاپلىغان تۇمان،
يادىڭىزدا قالسۇن شەيتانى ھەزىل.

(فائۇست بىلەن بىللە كۆزدىن يوقىلىدۇ، قالغانلار جاي - جايلىرىغا تارقىلىدۇ)

زىبېل

بۇ نە ھال!

ئالتمەيېر

ھەيرانمەن!

فراش

قولۇمدا بۇرۇن!

براندېر

(زىبېلغا)

مەن سېنىڭ بۇرنۇڭدىن تۇتقانىمەن، زىبېل!

ئالتمەيېر

ئورۇندۇق بەر ماڭا، بۇ نېمە ئەھۋال، —
تېنىمدە زەررىچە قالمىدى ماچال.

فراش

چۈشەنمەي قالدىم مەن، زادى نېمە گەپ؟
قەيەردە ئىدىممەن؟ نە كۆردى كۆزۈم؟

زىبېل

قېنى ئۇ نەيرەڭۋاز؟ تۇتۇۋالسام، ئەپلەپ
ئەدىبىنى بېرىپ قوياتتىم ئۆزۈم.

ئالتمەيىر

كۆردۈم — ئۇ بوچكىغا سەكرەپ مىندىيۇ
ئۇچۇپ كەتتى، ھەنۇز تىترەيدۇ تىزىم.

(ئۈستەلگە قاراپ)

تۆشۈكتىن مەي چىقتى، راست ئىدىمۇ شۇ؟

زىبېل

يوق گەپ ئۇ، ئالدىدى بىزنى مۇتتەھەم.

فراش

ئەمما مەن تۆشۈكتىن ئىچتىمغۇ شاراب!

براندېر

تەكزارچۇ؟ ئۈزۈمچۇ؟ يالغانمۇ بۇ ھەم؟

ئالتمەيىر

بار ئىكەن مۆجىزە، بۇ ساڭا جاۋاب.

## ئالۋاستىنىڭ ئاشخانىسى

(كىچىككىنە ئوچاقتا يېنىۋاتقان ئوتقا چوڭ قازان ئېسىلغان، قازاندىن چىقىۋاتقان هوردا سىرلىق كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. چىشى مايمۇن قازاننىڭ كۆپۈكىنى ئېلىپ، سورۇپ تۇرىدۇ. ئەركەك مايمۇن بولسا، ئوچاق بېشىدا بالىلىرى بىلەن ئىسسىنىپ ئولتۇرىدۇ. تام - تورۇسلارغا ئالۋاستىلارنىڭ ئەسۋابلىرى ئېسىلغان)

فائۇست ۋە مېفىستافېل كىرىپ كېلىدۇ

### فائۇست

بىخۇدمەن، كۆز تىندى، كۆڭۈل بىئارام،
ناھاتكى زۇلمەتگاھ بۇ ماكان تامام —
غەملەردىن بىگانە قىلار بېشىمنى.
ناھاتكى ئالۋاستى پىشۇرغان تائام،
ئوتتۇزغا قىسقارتار مېنىڭ يېشىمنى.
تەبىئەت ئۆزىلا قىلمىسا دەۋا،
بەرمىسە ئارزۇ ۋە ئارمانغا راۋاج.
دېمەككى غېمىمگە يوق ئىكەن شىپا،
دېمەككى يوق ئىكەن هېچقانداق ئىلاج.

### مېفىستافېل

سۆزلىرىڭ نەقەدەر ئادىلۇ ئاقىل
جادۇدىن ئۆزگىمۇ شىپا بار ئەلۋەت.
ۋە لېكىن بۇ ئىشقا سەن ئەمەس نائىل،
ئىشلەشكە بوينۇڭمۇ يول قويماس پەقەت.

### فائۇست

ئۇ نىمە؟

### مېفىستافېل

بىلگىنىكى، تەس كەلمەس بۇ ئىش يۈزدە - يۈز
بىھاجەت مانا بۇ ئىگىسىز تائام،
بىر پارچە يەر ئالغىن، باغ قىلغىن تامام.
ئىكىن ئەك، تەر تۆككىن كېچە ۋە كۈندۈز.
خىيال پەرۋازىنى تەرك ئەت مۇتلەق،
ئۆمرۈڭنى زېمىنغا باغلا تەلتۆكۈس.
بىر پارچە يېرىڭدە ئايلان دائىما
بول گويا ساپانغا قوشۇلغان ئۆكۈز.
تاڭ ئاتماي دالاغا تاشلىغىن قەدەم،
يىرگەنمە، كۆرەك ئال، ئوغۇتنى تۆككىن.
شۇندا سەن ھەتتاكى سەكسەن ياشتا ھەم
قايتىدىن ياشلىققا قايتىشىڭ مۇمكىن.

### فائۇست

ماڭا بۇ پەس ھۈنەر كەلمەس مۇناسىپ،
مەن ئۈچۈن ئۆزگىچە سىر نېمە كېرەك.
تەلپىم ھەمىشەم بىر كەسەك خىيالەت.

### مېفىستافىل

ئۇنداقتا، دېمەككى ئالۋاستى كېرەك.

### فائۇست

تاماقنى ئۆزۈڭلا پىشۇرساڭ بولار،
نە ھاجەت كەمپىرگە بۇندا ياللانماق.

### مېفىستافىل

ئىقرارمەن، قولۇمدىن كەلمەس بۇ ھۈنەر،
مەن ئۈچۈن مىڭ كۆۋرۈك سېلىش ئاسانراق.
بۇ يەردە بىلىملا يەتمەيدۇ پەقەت.
كېرەكتۇر مىسلىسىز بەرداش ۋە تاقەت.
گىيا قايناپ، دورا بولغۇچە تەييار
كۆپ يىللار سەۋر قىپ كۈتمەكلىكمۇ بار.
بۇنچىلىك مۈشكۈل ئىش يوقتۇر ئالەمدە،
تاقەت قىلماقتا ھېچ يەتمەيدۇ كۆزۈم —
شۇ سەۋەب يولىنى ياخشى بىلسەممۇ،
دورا تەييارلاشقا ئاجىزمەن ئۆزۈم.

(مايمۇنلارنى كۆرۈپ)

قارىغىن بۇلارغا، قانداق بىلازار!
چۆرىسى مانا بۇ، ماۋۇ خىزمەتكار.

(مايمۇنلارغا)

ئانىڭىز قەيەرگە كەتتى بۇ دەمدە؟

هايۋانلار

بەزمىدىدۇر ئانىمىز،
تۇتۇپ شامال قولىدىن.
ئۇچۇپ كەتتى مورىدىن.

مېفىستافېل

ئېيتىڭلار، ئۇ كېلىدۇ قاچان؟

مايمۇنلار

قوللىرىمىز ئىسسىغان هامان.

مېفىستافېل

(فائۇستقا)

قانداق بۇ هايۋانلار ياقامدۇ ساڭا؟

فائۇست

بۇ خۇنۇك نەرسىنى كۆرمىگەنمەن ھېچ.

مېفىستافېل

كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ شۇلار بىلەنلا،
سۆھبەتلەر قۇرىمەن سەھەردىن تا كەچ.

(مايمۇنلارغا)

سورايمەن سىلەردىن، بېرىڭلار جاۋاب،
قازاندا نېمىلەر تۇرۇپتۇ قايناپ.

ھايۋانلار

ھە، يارما قايناتتۇق گادايلار ئۈچۈن.

مېفىستافېل

دېمەككى، دىلداشلار كۆپ ئىكەن بۇ كۈن.

ئەركەك مايمۇن

(مېفىستافېلغا يېقىن كېلىپ سۈركۈلىدۇ)

كەلگىنە، بىر رەت
ئوينايلى قىمار.
ئەگەر باي بولسام،
چۆنتىكىم تولار.
مۇنۇ كاللىمۇ
ئەقىللىق بولار.

**مېفىستافېل**

ئۇتقاندا قىماردا بولۇپ شاد ـ مەمنۇن،
ئۆزىنى تامامەن يوقىتار مايمۇن.

(بالا مايمۇنلار ئوينىشىپ، چوڭ بىر شارنى
ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دومۇلىتىشىدۇ)

**ئەركەك مايمۇن**

قولۇڭدا بالام،
مىسالى ئالەم —
توپتۇر يۇمىلاق.
يالتىرار يۈزى،
ئىچى بوش ئۆزى،
بىر شىشە دۇر، باق.
بىر يەر نۇرەپشان،
بىر يەر زىمىستان.
ئويناشما بالام،
ئامانەت ئالەم،

خۇددى ئەينەكتۇر.
بول ئۇندىن يىراق،
تەگسەڭ قاتتىقراق،
سۇندى، دېمەكتۇر.

**مېفستافېل**

بۇ پەنجىرە نېمىگە كېرەك؟

**ئەركەك مايمۇن**

(پەنجىرىنى ئېلىپ)

خانىمىزغا كىرسە گەر ئوغرى،
كۆرسىتىدۇ بىزگە بۇ روجەك.

(چىشى مايمۇننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى پەنجىرىدىن قارىتىدۇ)

ئۆيىمىزدە ئوغرى بار، قارا،
سەن ئوغرىنى كۆردۈڭمۇ، پەقەت
قىلالمىدىڭ ئېيتىشقا جۈرئەت.

**مېفستافېل**

(ئوتقا يېقىنلىشىپ)

ماۋۇ كوزا نېمىگە كېرەك؟

ئەركەك مايمۇن

ئەي پەمسىز تەنتەك،
ئاجراتماق كېرەك
كوزا نېمە يۇ،
ۋە نېمە قازان.

مېفىستافېل

قانداق جاۋاب بۇ
تەسىرسىز هايۋان!

ئەركەك مايمۇن

ئەنە، كۇرسى، ئولتۇر مەرھەمەت،
سۇپۇرگە بار يەلپۇشكە پەقەت.

(مېفىستافېلنى ئولتۇرغۇزىدۇ)

فائۇست

(ئەينەك ئالدىدا تۇرغىنىچە گاھ يېقىنلىشىپ،
گاھ يىراقلىشىپ تاماشا قىلىدۇ)

ئەجەبا، بۇ قانداق مۇنەۋۋەر تەلئەت—
سېھىرلىك ئەينەكتە بولغان نامايان؟

كەل، ماڭا قانات بەر، ئەمدى مۇھەببەت،
تېزلىكتە ئېلىپ ئۇچ شۇ پەرى تامان.
نەدىدۇر گۈزەلنىڭ قۇتلۇق ماكانى،
يېقىنمۇ، يا ئالەم چېتىدىمۇ ئۇ؟
ۋە ياكى بۇ چىراي، خىيال تۇمانى،
شۇ تۇمان ئىلكىدە ئۆتەمدۇ مەڭگۈ؟
بۇ قانداق گۈزەللىك، تەپەككۇر بىلەن
ئۇنىڭغا تەڭ كېلىش مۇشكۈل ناھايەت.
ناھاتكى ئالەمدە بولسا شۇنداق تەن،
شۇنداق يۈز، شۇنداق لەۋ ۋە شۇنداق قامەت.

مېفىستافېل

بولمايچۇ، ئاخىرى تەڭرىنىڭ ئۆزى،
ئالتە كۈن تەر تۆكۈپ ئىشلىگەچ پەقەت
يەتتىنچى كۈن ئېيتتى «ئاپىرىن» سۆزىن،
دېمەك، ئۆزىگىمۇ ياقتى بۇ خىلقەت①.
ھازىرچە سەن ئۇنى قىلغىن تاماشا،
تاپايكى مەن ساڭا شۇنداق بىرىنى.
ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەككە بىر رەت،
ئالەم يىگىتلىرى تىكسۇن جېنىنى.

(فائۇست ھامان ئەينەككە تىكىلىدۇ، مېفىستافېل
بولسا سۇپۇرگىنى ئوينايدۇ. كۇرسىدا ئولتۇرۇپ
سۆزىنى داۋام قىلىدۇ)

تەختىمەن، قولۇمدا شاھانە ھاسا،
شاھمەن، پەقەت تاج يېتىشمەس ئەمما.

① خىلقەت — يارىتىلىش، دۇنياغا كېلىش.

مايمۇنلار

(خىلمۇ خىل ھەرىكەتلەر بىلەن مېفىستافېلنىڭ يېنىغا كېلىپ،
ئۇنىڭغا ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن تاجنى بېرىدۇ)

ماتا ساڭا تاج،
ياماشقا ئىلاج —
كۆز ياش ۋە قاندۇر.

(قوپال ھەرىكەت قىلىپ تاجنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ،
تاج چۇل - چۇل بولىدۇ)

تامام! ئۇ سۇندى!
ئىشىمىز ئەمدى،
ئاھۇ پىغاندۇر.

فائۇست

(ئەينەك ئالدىدا)

تامام بولدۇم، نەھال، ئوڭۇممۇ، چۈشۈم؟

مېفىستافېل

(مايمۇنلارنى كۆرسىتىپ)

يوقىلىپ بارماقتا مېنىڭمۇ ھوشۇم.

### مايمۇنلار

بولسا بىر خۇش دەم
ھەتتا بىزدىن ھەم
چىقىدۇ مەنا.

### فائۇست

يۈرىكىم يانماقتا بىر ئاتەش ئارا،
بەس، ئەمدى كېتەيلى، قالمىدى تاقەت.

### مېفىستافېل

گەرچە بۇلار مايمۇن بولسىمۇ ئەمما
بەزى شائىرلاردىن مىڭ مەرتە ئەلا.
سەمىمىي سۆزلىشەر قۇرغاندا سۆھبەت.

چىشى مايمۇن قازانغا قاراشنى ئۇنتۇيدۇ، قازان قايناپ تېشىشقا باشلايدۇ. مورىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. دەھشەتلىك چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ئوت ئىچىدە ئالۋاستى پەيدا بولىدۇ.

### ئالۋاستى

ھاي - ھاي - ھاي!
ھاكۋاقتى. شاللاق!

قازاننى قانداق
تاشۇردۇڭ ئەخمەق؟
كۆيدۈردۈڭ مېنى،
خەپ، توختا سېنى...

(فائۇست ۋە مېفىستافېلنى كۆرۈپ قالىدۇ)

بۇلار كىم ئەمدى؟
بۇ نېچۈك تەشرىپ؟
كىم سېنى قىلدى
بۇ يەرگە تەكلىپ؟
ئېيتىمەن ساڭا
كەتكىن تېز چىقىپ.
ئۆرتەيمەن تامام
يالقۇنلار چېچىپ.

(قازانغا چۆمۈچ سېلىپ، ھەممىگە ئوت چاچىدۇ،
مايمۇنلار چىرقىرىشىدۇ)

**مېفىستافېل**

(سۈپۈرگىنىڭ دەستىسى بىلەن ئىدىشلارنى
ئۇرۇپ سۇندۇرىدۇ)

بىز تۇرمايمىز جىم،
قىپ ساڭا تەزىم.
بىلەمسەن بىز كىم.

تۆۋغىن ئالەرىماي.
سۇتۇپ قەسىر، تام
كۇم بولغاي تامام.
سەن قىلغان تائام،
يەرگە دۆم بولغاي.
تېخى بۇ ساڭا،
چاقچىقىم خالاس —
بېقىپ خۇيۇڭغا
كەلگەنلىكىم ماس.

(ئالۋاستى دەھشەت ئىچىدە يىراقلىشىدۇ)

ھەي ئۆلگۈر، ئىگەڭنى تونۇدۇڭمۇ؟
سۆزلىسەك بولمامتى سۆزۈڭنى بىلىپ.
يوقاتسام بولغۇدەك ئالەمدىن سېنى،
بۇ بارلىق مايمۇننىڭ بىلەن بىر قىلىپ.
كۆزۈڭگە چۈشمەيتۇ قىزىل كەمزۇلۇم،
بېشىمغا قادالغان خوراز پېيى ھەم.
گىدىيىپ تۇرۇپسەن پەرۋامۇ قىلماي.
بىلمىدىڭ ئالدىڭدا كىم بار؟ مۇتتەھەم!

### ئالۋاستى

كەچۈرۈڭ، بىلمىدىم، قۇرۇسۇن قىرىلىق،
كۆرمىدىم مەن سىزنىڭ تۇيغىڭىزنى
ھەم قارغا — شۇ مەڭگۈ ھەمراھىڭىزنى.

### مېفىستافېل

كەچۈردۈم، بەلكى سەن بىگۇناھدۇرسەن،
دىدار كۆرۈشمىدۇق ئۇزۇندىن بۇيان.
پەسىللەر ئالماشتى، ئۆتتى كۆپ زامان،
ئىلمۇ مەرىپەتتىن ئۆزگەردى ئالەم،
ئالەم ـ يېڭى، دېمەك، يېڭى شەيتان ھەم.
شىمالنىڭ شەپىسى سېزىلدى بۈگۈن،
بۇ ئادەت كۈچىدىن تىرناقمۇ بۈتۈن.
ئېتىلىپ ھەم تەرك قۇيرۇق يوقالدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بوپ قالدى.
شەكلۇ قىياپىتىم تامام ئۆزگەردى،
مەن ئۈچۈن بىر تۇياق بوپ قالدى بەلكى.
ئۇنىمۇ يوشۇرۇپ زامانىگە خاس،
بىر ئۆتۈك تىكتۈردۈم ئايىغىمغا ماس.

### ئالۋاستى

(قول قوشتۇرۇپ)

كۆرگەچكە يۈزىڭىزنى مەن بەك شادىمان،
خۇش كەپسىز بۇ يەرگە ئەزىزىم شەيتان!

### مېفىستافېل

جىم بول، بۇ ئىسمىمنى ئالمىغىن تىلغا،
خەق بىلسە ئابرۇيۇم چۈشۈر بىگۇمان.

ئالۋاستى

ئاتالسا ئىسمىڭىز نېمىسى يامان؟

ەپىستافىل

نامىم ئاللىقاچان داستاندۇر ئەلگە،
داغۇ كاساپەتنىڭ مىسالى بولۇپ.
بۇ سۆزدىن ئادەملەر قىلىشار ھەزەر،
كەتسىمۇ بۇ ئالەم شەيتانغا تولۇپ.
ئۇلارغا ھۆرمەتتە سالساقمۇ نەزەر،
ئەزەلدىن بىز شۇنداق يامان ئاتالدۇق.
ئاتساڭ، ئاتىغىن مېنى باردىن، دەپ،
شەيتاننىڭ نەسەپ ھەم نەسلىمىز ئۇلۇغ.
كىنەز ھەم گىرافقا ئوخشايمەن تامام،
قارىغىن، قولۇمدا بار مانا تامغام.

(خۇنۇك قىلىقلار بىلەن كۈلىدۇ)

ئالۋاستى

(قاتتىق كۈلىدۇ)

خا - خا - خا! شۇنچە كۆپ يىللار ئۆتسە ھەم
ھامان شوخلۇقىڭىز قالماپتۇ ئىگەم.

مېفىستافىل

(فائۇستقا)

ئۆگىنىپ قوي دوستۇم ئالۋاستى بىلەن
قانداق مۇئامىلە قىلماقنى مەندىن.

ئالۋاستى

بۇيرۇيسىز، ھە، ماڭا قانداق بىر خىزمەت؟

مېفىستافىل

سەن شۇنداق شارابتىن كەلتۈر بىر شىشە،
ئاددىـي بولمىسۇن — كونىسى پەقەت.
شارابنىڭ كونىسى بەلەن ھەممىشە.

ئالۋاستى

سىز دېگەن شارابتىن بىر شىشىسى بار،
ئۆزۈممۇ پات - پاتلا ئىچىپ تۇرىمەن.
بەك بەلەن، يوق سېسىق پۇرىقى زىنھار،
مەن سىزگە بەجانىدىل قۇيۇپ بېرىمەن.

(مېفىستافىلغا ئاستا)

چىدىشى قىيىندۇر كۆلمىگەن ئادەم،
دوستىڭىز ئىچسىلا ئۆلەر ئالماي دەم.

### مېفىستافېل

نېمىلەر دەيسەن هوي، ھەمراھىم بۇ خىل
شارابتىن ئۆزىنى يوقاتماس مۇتلەق.
دۇئانى ئوقۇغىن، ئىرىمىڭنى قىل،
ھە ئاندىن شارابنى كەلتۈر، قۇي تېزرەك.

ئالۋاستى غەلىتە قىلىقلار بىلەن دائىرە سىزىدۇ ۋە دائىرە ئىچىگە ھەر خىل ئىدىش ئەسۋابلارنى قويىدۇ. ھەر خىل كوزىچاقلار مۇزىكا ئاۋازىنى چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئالۋاستى چوڭ بىر كىتابنى ئالىدۇ، مايمۇنلارنى دائىرە ئىچىگە قويىدۇ ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، باشقىلىرىنىڭ قولىغا مەشئەل تۇتقۇزىدۇ. فائۇستنى كېلىشكە ئىشارەت قىلىدۇ.

### فائۇست

(مېفىستافېلغا)

بۇ قانداق تاماشا، بۇ قانداق ئەمەك؟
بىمەنە قىلىقلار نېمىگە كېرەك؟
بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئايان،
بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، ھەممىسى يالغان.

### مېفىستافېل

قويۇپ بەر، ئاشۇنداق ئۇنىڭ ئادىتى،
سەن بۇ قىلىقلارغا قىلمىغىن پەرۋا.

ئاشسۇن دەپ دورىنىڭ تەسىر قۇۋۋىتى،
تېۋىپلار ھەم شۇنداق قىلار دائىما.

(فائۇستنى دائىرە ئىچىگە تارتىدۇ)

### ئالۋاستى

(كىتابتقا قاراپ جەزبىلىك بىلەن)

ئالغىن ـ دە بىرنى،
ياسىغىن ئوننى.
يوشۇر ئىككىنى،
ئويلىما ئۈنى.
قوي يېنىغا ئۈچ،
بۇ بايلىق ۋە كۈچ.
تۆتنى بولسا ياپ،
بەش، ئالتىنى تاپ.
بولسۇن ئۈچۈن قوش،
يەتتە بىلەن قوش.
ھە، ئاندىن كۆتۈر
سەككىزگە قەدەر.
توققۇزدىن شۇ گەل
ئون بولىدۇ تەل.
مانا ئالۋاستىنىڭ كەررە جەدۋىلى.

### فائۇست

ھە، مانا، جۆيلۈشكە باشلىدى كەمپىر.

## مېفستافېل

بۇ تېخى باشلىنىش، دوستۇم قىل سەۋر،
ھەقىقىي تاماشا چىقىدۇ ھېلى.
شۇنداق :بۇ كىتابنىڭ باشتىن - ئايىغى،
مەن ئۇنى تەلتۆكۈس چىققانمەن ئوقۇپ.
ئۇندا زىت گەپلەرنىڭ يوقتور سانىقى،
ئېنىق بىر مەنىنى بولمايدۇ ئۇقۇپ.
بۇ يېڭى ھەم ئۇزاق قەدىمدىن بار گەپ:
زامانە ئەھلىگە يۈكسەك پەنت قىلىپ —
زىددىيەت، بىرلىكتىن ياساپ ھەقىقەت،
يالغاننى ئاقتۇرۇپ كەلدى راست قىلىپ.
پەقەتلا ئالداشتۇر، ئەل بولسا كۆنۈپ،
ئاشۇ ئەقىدىنى كەلدى قىلىپ ياد.
نادان ئادەملەرچۇ، كۆيۈپ - ئۆرتىنىپ،
سۆزنىڭ مەنىسىنى تاپقىنىغا شاد.

## ئالۋاستى

(داۋاملاشتۇرىدۇ)

ئىلىمدۇر پىنھان،
يەتمەك نە ئىمكان
كۆيدۈرۈپ جاننى.
ۋە لېكىن ئۇ گاھ
ئۆزىدىن ئاگاھ
قىلۇر ئىنساننى.

### فائۇست

ۋەسۋەسە ئەقلىمنى يوقاتتى بەلكىم،
بىمەنە گەپلەرنى خۇش كۆرمەس پىكرىم.
شۇ تاپتا قۇلىقىم تۇۋىدە بىردەك،
چىرقىرا رىبەئەينى يۈز مىڭلاپ تەنتەك.

### مېفىستافېل

بولدى ئەمدى، بەس قىل دانا سىتۇتلىلا!
تولدۇرۇپ رومكاڭنى قۇيغىن شاراب.
كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، ھەمراھىم — موللا،
ئانچىكىم مەيدىن بولمايدۇ خاراب.
ئىلىم ھەم كەيپىنىڭ كويىغا كىرگەن،
كۆپلىگەن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

(ئالۋاستى ئىرىم - سىرىملىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قەدەھكە شاراب قۇيىدۇ. فائۇست قەدەھنى لېۋىگە يېقىنلاشتۇرغاندا ئۇنىڭدىن ئوت چىقىدۇ).

(فائۇستقا)

ئىچىۋەر، بىر تامچە قالدۇرماي سۈمەر،
روھىڭغا شەۋق بېرەر، ئارام تاپار جانى.

قىلمىغىن سەن ھەرگىز يالغۇندىن ھەزەر،
شەيتاننىڭ ئۆزىگە بولغاچ قەدىردان.

(ئالۋاستى، دائىرىنى ئېچىپ، فائۇستنى سىرتقا چىقىرىدۇ)

چىقىپ كەت، توختىما، ئالغا ماڭ پەقەت!

ئالۋاستى

سىزگە سالامەتلىك كەلتۈرسۇن شاراب!

مېفىستافېل

قالمىغاي ياشلىقىڭ مېنىڭدە ئەلۋەت،
ۋالپۇرگىيە تۈنى قىلارمىز ھېساب.

ئالۋاستى

(فائۇستقا قەغەز بېرىدۇ)

يەنە بىر قوشىقىم باردۇر سىز ئۈچۈن،
بۇ قوشاق ئارتتۇرار شارابنىڭ كۈچىن.

مېفىستافېل

قېنى كەتتۇق! ئەمدى توختىماق زەرەر،
تەرلەپ غۇبارىڭنى چىقارمىقىڭ شەرت.

شاراب ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەر ئەگەر
پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى قۇچسا ھارارەت.
سەير قىلغاچ، نەۋقىران ياشلىقنىڭ ھېسسى،
قەلب ۋە ۋۇجۇدۇڭغا بولار ھۆكۈمران.
شۇندا مۇھەببەتنىڭ گۈزەل تەڭرىسى،
يۈز جىلۋىلەر بىلەن بولار نامايان.

فائۇست

قوي، مېنى ئارتۇقچە ئالدىراتمىغىن،
شۇ ھۈرنىڭ ھۆسنىگە يەنە بىر قاناي.

مېفىستافېل

يۈر، قېنى، ھۈرلەرنىڭ بەر كامالىنى،
كۆرسىتەي مەن ئۆزۈم، سېنى خۇش قىلاي.

(پەس ئاۋازدا)

ئىچكەچكە بۇ مەينى ئاڭا ھەر ئايال
بولغاي ئېلىنادەك ساھىبى جامال.

كوچا

(فائۇست، مارگارىتا ئۆتىدۇ)

فائۇست

سالام، گۈزەل خانىم، خوپ دەڭ، بىر نەپەس —
سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆزىتىپ قويسام.

مارگارىتا

مەن خانىم ئەمەسمەن، گۈزەل ھەم ئەمەس،
ئۆيگە كېتەلەيمەن ھەمراھسىز تامام.

(بۇرۇلۇپ كېتىپ قالىدۇ)

فائۇست

ئاھ، قانداق لاتاپەت! ئىچىمەن قەسەم،
كۆرمىدىم ئۆمرۈمدە ئۇنداقنى پەقەت.
نە قەدەر پاكىزە، مەسۇم بۇ سەنەم،
كۆرۈنەر ئۇنداقلار بەكمۇ كەم ئەلبەت.
قىپقىزىل لەۋلەرۇ ئالمىدەك يۈزلەر،
يەرگە قاراپ تۇرغان ئۇياتچان كۆزلەر
كۆزلىرىمدىن نېرى كەتمەيدۇ ئەسلا،
بىر ئۆمۈر يادىمدا قالغاي بۇ سىما.
قانداق ئاھاڭ بەردى ئۇ قىسقا سۆزگە،
ئىلاج يوق قايىلمەن دېمەكتىن ئۆزگە.

(مېفىستافېل كىرىدۇ)

ئاۋۇ قىزنى ماڭا كۆندۈرۈپ بەر تېز.

مېفىستافېل

قايسى قىزنى؟

فائۇست

يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتىغۇ.

### مېفىستافېل

گۇناھلىرىنى يۇيۇپ، پاك بولۇپ بۇكەز
كاششىنىڭ يېنىدىن كەلمەكتىدۇر ئۇ.
ئاشۇ پەيت مەن ئىدىم ئۇنىڭ قېشىدا،
قىلغان تەۋبىسىنى ئاڭلىدىم، دېمەك.
زەررىچە گۇناھ يوق ئۇنىڭ بېشىدا،
كۆڭلى بىغۇباردۇر مىسالى گۆدەك.
تەس شۇڭا كۆرسىتىش ئۇنىڭغا تەسىر.

### فائۇست

ئون تۆتتىن ئاشقان ئۇ، چوپچوڭغۇ ئاخىر.

### مېفىستافېل

گەپلىرىڭ بىمەنە تەنتەكنىڭ كېپى،
بار شۇنداق ئادەملەر، ئۇلار تەلپى —
كۆرۈنگەن غۇنچىنى ئەلۋەتتە ئۈزمەك.
گويا ئۇلار ئۈچۈن يارالغان ئالەم،
مۇھەببەت ۋە بارلىق گۈزەللىكلەر ھەم.
مۇقەددەس تۇيغۇ يوق ئۇلاردا بىراق،
شۇلارغا ئوخشاشتىن بول ھامان يىراق.

### فائۇست

قىلمىغىن نەسىھەت مۆھتەرەم ھامىي،
ئۇنىڭسىز ياشاشمۇ مۇمكىن دۇنيادا،

ھە، بۇگۈن ئىچىلسۇن مۇھەببەت جامى،
كېچە شۇ قىز بىلەن ئۆتسۇن سافادا.
شۇنى بېجىرسەن بۇگۈن تامامى
بولمىسا ئەمەلدىن قالسۇن شەرتناما.

**مېفىستافىل**

بۇ جىددىي پۇرسەتتە قىلغۇلۇق نېمە؟
كېتىدۇ بىر - ئىككى ھەپتىلىك ۋاقىت
تاپقۇچە ئۇچرىشىش ئۇچۇن بىر بانە.

**فائۇست**

گەر كەلسە قولۇمدىن يەتتە سائەتتە
ئېرىشكەن بولاتتىم ئاشۇ جانانغا.
يېلىنىپ ئولتۇرماس ئىدىم شەيتانغا.

**مېفىستافىل**

ئۇچار پەرەڭنىڭ* گېپىدۇر بۇ گەپ،
ئەمما سەن بولمىغىن بۇنداق بىقارار.
ئويلاپ كۆر، بىرىنچى كۆرۈشتىن باشلاپ،
مەقسەتكە يەتمەكنىڭ نە قىزىقى بار؟
شىرىندۇر ۋىسالغا ئۇرۇنۇپ يەتمەك،
تېزلىكتە ئېرىشكەن سۆيگۈ بىقەدىر.
قانداق ساز تۇنجى ئىشق، كۆز ياشۇ ئاھ - ۋاھ..
ھە شۇ سىز كىتابلار بولمايدۇ ئاخىر.

* پەرەڭ — فرانسۇز.

فائۇست

قوي، شۇنداق خسلەتكە ئىگە شەۋقىممۇ.

مېفىستافېل

ئالدىرىغان بىلەنلا بۇ ئىش پۈتمەيدۇ،
سۆيگۈدە تەۋەككۇل قىلىش كەتمەيدۇ.
مۇشكۇلدۇر رورۇقۇپ ۋىسالغا يەتمەك.
زۆرۈردۇر تەدبىرچان بولۇپ ئىش كۆرمەك.

فائۇست

تېپىپ بەر ئۇ قىزنىڭ بىر نەرسىسىنى،
ياغلىقى بولامدۇ ياكى چاچ بېغى.
ھە، ئاندىن ئۆيىگە ئېلىپ كىر مېنى.
شەپەمنى سەزمىسۇن ئەلنىڭ بارلىقى.

مېفىستافېل

ئەگەر راست بولسا بۇ شەۋقى ھارارەت،
تەلەپ - ئىستىكىڭنى بەجا قىلىمەن.
ئۇ قىز خانىسىغا ئۆتكۈزمەي پۇرسەت،
بۈگۈنلا مەن سېنى ئېلىپ كىرىمەن.

فائۇست

ئاھ، ئۇنى كۆرىمەن، قۇچاقلايمەن مەن.

مېفىستافېل

ئەسلا!
قوشنىسىن كۆرگىلى چىقىپ كېتەر ئۇ.
سەن بولساڭ خانىدا قالىسەن تەنھا،
ھەم قىلىپ بەختلىك دەملەرنى ئارزۇ.

فائۇست

ياققۇدەك سوۋغىمۇ تېپىپ قوي ئاغا.

مېفىستافېل

سوۋغا! ئىشنى شۇندىن باشلاش شەرت، بەللى.
مەن ۋەدە بېرىمەن بۇ ھەقتە ساڭا:
كۆپ يەرنىڭ ئاستىدا خەزىنە. — بۈگۈن —
ئاختۇرۇپ تاپىمەن جانانىڭ ئۈچۈن.

ئاخشام

(كىچىككىنە ياسىداق ھۇجرا. مارگارىتا چېچىنى ئۆرۈمەكتە)

## مارگارىتا

بارلىقىمنى بېرەتتىم ئەگەر
بىلمەك ماڭا بولسا مۇيەسسەر،
كىمدۇر ئاشۇ يولدا سۆز ئاتقان، —
ئارامىمنى تامام يوقاتقان.
بىر بەگزادە بولمىقى ئايان.
بولمىسا بۇ يولدا ناگىهان
ناتونۇش بىر قىزغا ئۇ دادىل
قىلماس ئىدى بۇ تەقلىد ھەزىل.

(چىقىدۇ)

(مېفىستافىل بىلەن فائۇست كىرىپ كېلىدۇ)

مېفىستافىل

مانا كەلدۇق، كىر — قورقما ئەسلا،

فائۇست

(بىر پەس جىمىلىقتىن كېيىن)

مېنى قالدۇر بۇ يەردە تەنھا.

مېستافىل

(ھۇجرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ)

قانداق پاكىز، يېقىملىق ئۆي بۇ.

(چىقىدۇ)

## فائۇست

دىلبىرىمنىڭ ئارامگاھى بۇ،
مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قۇتلۇق ماكان.
بولماس بۇندا ئەسلا قاراڭغۇ،
ھۇجرا ئىچرە بىر سېھىر پىنھان.
ئەي سۆيگۈ دەپ ئاتالغان تۇيغۇ،
بارلىقىمغا بول سەن ھۆكۈمران.
نېمە بولسا بۇندا، يار ئىلكى
قىلار كۆركەم ئۆز سېھرىي بىلەن.
ھەممە نەرسە بۇندا كەمتەرىن،
ھەممە نەرسە ئاددىي ۋە بەلەن.

(كۇرسىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ)

كونا خانىدانىنىڭ ئەي ئېسىل تەختى،
قۇتلۇق قۇچىقىڭغا ئال مېنى بىر ئان.
ساھىبىڭ ئولتۇرغان شۇ ئەينى چاغلار
كۆزلىرىم ئالدىدا بولدى نامايان.
ئۇ كونا ئاتىنىڭ دەخلىسىز بەختى —
نۇرسىز نىگاھىدا بولغاندا ئايان،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۆدەكلەر ئەھلى
قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كۆتۈرگەن چۇقان.
مېنىڭ دىلبىرىممۇ شۇ سۈرەن ئارا
خالاسكار ھەققىگە ئېيتىپ تەشەككۇر.
ئاتىنىڭ قولىدىن ئالغاندۇ سوۋغا

ھەم ئاشۇ قوللارغا خۇشال سۆيگەندۇر.
قانداق ئازادلىك! قانداق سەرەمجان،
ئاياغ ئاستىدا يوق ھەتتاكى غـۇبار.
بۇندا نېمە بولسا ھەممىسىدىلا
سېنىڭ پەرىشتىدەك روھىڭ يالتىرار.
نازۇك بارماقلىرىڭ سېنىڭ ھەر مەھەل
شۇ ئاددىي كۆلىمگە بېرەر رەڭدار ھەل.
بۇ يەردە...

(كارىۋات پەردىسىنى كۆتۈرىدۇ)

ئېھ، ۋاھ، تاشلىسام نەزەر،
ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ، يېقىنمۇ كەلمەي.
مەن بۇ كـوشك قېشىدا نېسىپ بولسا گەر،
سائەتلەپ تۇراردىم چارچاشنى سەزمەي.
شۇ كوشـك قۇچىقىدا ساھىبى جامال،
شېرىن چۈشلەر كۆرگەن. گۆدەك خىيالى —
شۇندا ئۇلغايغانۇ تاپقان ھەم كامال.
بۈگۈن — گۈزەللىكنىڭ نۇرلۇق تىمسالى.
سەنچۇ؟ سەن بۇ يەرگە كەلدىڭ نە ئۈچۈن؟
ھېچ ئۆزۈڭ ئەمەسسەن، باشقا سەن بۈگۈن.
نېچۈن يۈرىكىڭدە ھاياجان، ھەيرەت؟
فائۇست، سەن راستىنلا ئۆزۈڭمۇ سەن ئېيت!
ئىزدەپ كەلگەنىدىڭ سۈرمەككە لەززەت —
مانا يۈرىكىڭدە سۆيگۈ بەر كامال.
شۇنچە ۋاق ئۆتكۈچە قىزغىن كەيپىيات،
ناھاتكى ئوينىشار ئۇ بىلەن شامال.
تاسادىپ بولسايۇ، شۇ ئاندا دىلدار

ئۇشتۇمتۇت كىرسە گەر، نېمە قىلاتتىم؟
مەن ئۆز خىيالىمدىن بولۇپ شەرمسار
ئايىغى ئاستىغا يىقىلار ئىدىم.

مېفىستافىل

(كىرىپ)

كەلدى ئۇ، تېز بولغىن، تۆگىدى پۇرسەت.

فائۇست

هە، مەيلى، مەيلىڭگە باقاي بۇ نۆۋەت.

مېفىستافىل

قارىغىن ساندۇقچەم خېلىلا ئېغىر،
مانا بۇ جاۋەنگە سېلىپ قويىمىز.
بار بۇندا مەرۋايىت، زىبـۇ زىـننەتلەر
يوقىتار هوشىنى كۆرسە شورلۇق قىز.
هەممىسى ئاۋۇنچاق ــ ئەمەك بولغۇدەك،
بۇلارغا ئۆچ بولار هەر قاچان گۆدەك.

فائۇست

بۇ قانداق بولاركىن؟

مېفىستافىل

شۇنداقمۇ تېخى!
بەلكى بۇ ساندۇقچىنى ئېلىپ قالغىلى

مەن جەزم قىلغانمەن، بىلمەيتكەنمەن.
هە، هازىر هالىڭدىن بەكمۇ هەيرانمەن.
شۇنداق خەسسىمۇ سەن؟ خۇددى بىر ئىشكەل —
قۇتقۇزغىن بۇ ئىشتىن دوستۇم، ۋەيرانمەن.

(ساندۇقچىنى ئىشكاپقا قويىدۇ ۋە قۇلۇپلايدۇ)

ئەمدى كېتىش كېرەك بۇ يەردىن چاپسان،
سەن ئاشىق بىقارار بولغان شۇ جانان
بۇ ئىبىسل سوۋغىنى تېپىپ يېگانە
سەن ئۈچۈن جان پىدا، بولسۇن پەرۋانە.
كىشى كۆرگۈسىزدۇر هازىرقى چېھرىڭ.
ئەتتەڭ!
سېنى دەپ ئۆزۈمنى قىلدىم مەن گاراڭ.
سەن بولساڭ،
تۇرۇپسەن خامۇشلۇقتا تاڭ.
يۈزۈڭدە يوق رەڭ،
خۇددى ئادىنا كۈن ئۆتكەندەك دەرس،
مېتافىزىكىدىن قىلغان كەبى بەهس.
يۈر، كەتتۇق!
(چىقىشىدۇ)

(چىراغ كۆتۈرگەن مارگارىتا كىرىدۇ)

مارگارىتا

نېمە ئۈچۈن دىمىق ئۆي بۈگۈن،

(دېرىزىنى ئاچىدۇ)

تاشقىرىدا كېزەر سالقىن تۈن،
تېز كەلىسدى ئانام — جان سۆيەر،
خىيالىمدا ۋەھىمە كېزەر.
ۋاھ نېمانچە قورقاقمەن نېچۈن؟

(ناخشا ئېيتىپ يېشىنىشكە باشلايدۇ)

بولغانىدكەن بىر كارۇل،
بەكمۇ شەۋكەتدار.
قالغانىكەن يارىدىن
ئالتۇن جام يادكار.
شۇ قەدەھتە شېرىن مەي
ئىچكەندە ھەر كۈن،
تۇتالماستىن ئۆزىنى
يىغلايدىكەن خۇن.
بايلىقىنى بىر چاغلار
قىپتۇ ئۇ تەقسىم،
ئالالماپتۇ بۇ ئالتۇن
قەدەھنى ھېچكىم.
ئەڭ ئاخىرى ئىبادەت
قىلماق ئۈيىدا!
بەردى كاتتا زىياپەت
دېڭىز بويىدا.
مەي قۇيدى — پارلاپ تۇرغان
جامنى بوشاتتى.
ئاندىن ئۇنى دولقۇنلۇق
دېڭىزغا ئاتتى.
ئالتۇن قەدەھ دولقۇندا
بولدىيۇ نىھان،

شورلۇق كارۋل ھەم شۇندا
بەردى ئاستا جان.

(كىيىملىرىنى قويماقچى بولۇپ ئىشكاپنى ئاچىدۇ
ۋە ساندۇقچىنى كۆرىدۇ)

بۇ نېمە سېھىردۇر، بۇ نېمە ھېكمەت،
ساندۇقچە قاياقتىن كەلدى، ئەجەبا!
جاۋەننى قۇلۇپلاپ كەتكەنمەن، ئەلبەت.
بەلكى بۇ جان ئانام ئالغان ئامانەت،
بىراۋغا قەرز بەرگەن بولسا مۇبادا.
مانا كىلت، قىزىق، ئۇندا نېمە بار؟
بىر ئېچىپ كۆرگەنگە بولماس ھېچ گۇناھ.
ئاھ، تەڭرىم! بۇنچىلىك بايلىقنى زىنھار —
تۆرۈلۈپ ئالەمگە كۆرمىگەنمەن، ئاھ.
بۇنداق بېزەكلەرنى ئەڭ باي خېنىملار
ئالىي سورۇنلاردا تاقىسا ئەرزىر.
كىمنىڭكى بولغىيدى بۇ زەر بۇيۇملار،
كىمنىڭكى بولسىمۇ تاقاپ كۆرەي بىر.

(قىممەت باھا بېزەكلەرنى تاقاپ ئەينەك
ئالدىغا كېلىدۇ)

ئاھ، قېنى مېنىڭكى بولسا بۇ بېزەك،
تاقىقاندا ھۆسنۈممۇ يايرار باشقىچە.
تەبىئىي گۈزەللىك نېمىگە كېرەك —
كىيىمدىم يېڭى تون شۇنچە ياشقىچە.
ئېچىنىپ كۆپلىرى ماختار، مەقبۇل دەر،
ئەزەلدىنلا پۇل دەر،
بايلىق دەر بارچە.
دۇنيادا شورلۇق زات بولماس بىزلەرچە.

## سەيلىدە

(فائۇست خىيالغا چۆمگەن ھالدا كېزىپ يۈرىدۇ، مېفىستافېل ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ)

**مېفىستافېل**

لەنەت ساڭا دوزىخى گۇمراھ،
ئەپسۇس، بۇندىن ئارتۇق سۆكۈش يوق.

**فائۇست**

نېمە بولدى؟ قاپسەنغۇ قايناپ،
خاپا قىلدى سېنى كىم، شورلۇق؟

**مېفىستافېل**

تاشلار ئىدىم دوزاخقا ئۇنى،
گەر بولمىسام ئۆزۈم دوزىخى.

**فائۇست**

قالمىغانسەن ئەقلىڭدىن ئېزىپ؟
دوزاخ ساڭا ئەمەس مۇناسىپ.

**مېفىستافېل**

ئېيتسام، سەنمۇ قالىسەن ھەيران،

كەشىشكەن① بىزنىڭ ئارغۇمان②.
مارگارىتا ئانىسى ئۇنى،
يۇقىتىپتۇ كۆرۈپ ھوشىنى.
ئۇنىڭ ئىشى دائىم ئىبادەت،
قىلىدۇ ئۇ چىركاۋغا تائەت.
ئايرىپ تۇرار بىچارە ئايال،
نېمە ھارام ۋە نېمە ھالال.
سوۋغىمىزغا تاشلاپلا نەزەر
ناپاك بىلىپ ئەيلىدى ھەزەر.
دېدى: بالام تۇتمىغىن بۇنى،
بولماس تۇتۇپ خەقنىڭ مۈلكىنى.
بىر بالىسى چىقمىقى ئايان،
قىلايلى بۇنى تەڭرىگە ئېھسان.
چۈشۈپ كەتتى قاپىقى قىزنىڭ،
«يەپتۇ بىراۋ غېمىمىز بىزنىڭ،
ئالساق ئۇنى گۇناھ نېمىكەن؟
بەرگۈچىگە قارىما، دېگەن».
بەردى خەۋەر چىركاۋغا ئايال،
كەلدى كەشىش مەسلەتكە دەرھال.
قوشۇلدى ئۇ ئانا سۆزىگە:
«توغرا يول شۇ، ھۇششەرە سىزگە.
يەڭسە نەپسى بالاسىنى كىم،
مەقسىتىگە يېتەر ئۇ دائىم.
كەڭدۇر چىركاۋ دەرگاھى چەكسىز،
شەھەرنىمۇ يۇتار ئۇ شەكسىز.

① كەشىش — مۇناستىر.
② ئارغۇمان — سوۋغا.

سۈرۈپ ياتار بىھېساب دۆلەت،
ئاز بىر نىمە سوۋغىڭىز ئەلبەت.
كىم نىمە بەرسە يۇتار تالىماي
ھالال، ھارام دەپمۇ شاللىماي».

فائۇست

ھە، خۇددى دۇكاندار يەھۇدىي مىسال،
يا كارۇل ئۇلارغا بەرگىنىڭ — ھالال.

مېفستافېل

سوۋغىنى ئۇ قولىغا ئالدى،
يىغىشتۇرۇپ قۇتىغا سالدى.
گويا ئالتۇن بىزەك ئەمەستەك،
خۇددى ياڭاق سۈپەت نەرسىدەك —
ئالدى ـ دە، ئۇ ئىپتىماستىن رەھمەت
كەتتى تەگرىدىن تىلەپ سائادەت.

فائۇست

گرېتخىنچۇ؟

مېفستافېل

قالدى ئۇ يىتىپ،
تەگسىز خىيال ئىلكىگە پېتىپ.

دەپ: «سوۋغىنى بەرگەن كىشى كىم»؟
كېچە ـ كۈندۈز ئويلار بېتىنىم.

**فائۇست**

ئاھ، بىچارە! چېكىپتۇ ئازاب،
ئەمدى ئاڭا باشقا سوۋغا تاپ.
بىرىنچىسى ئىدى ئاۋۇنچاق.

**مېفىستافىل**

ساڭا ھەممە ئاددىي ئويۇنچاق.

**فائۇست**

ئىستىكىم شۇ — قىل ئۇنى بەجا،
قوشنىسى بىلەن تاپالمايسەن يول.
سۆرەلمە، شەيتانسەن — دېمەك شەيتان بول.
قەيەردىن بولسىمۇ تاپ يېڭى سوۋغا.

**مېفىستافىل**

بېشىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن، جاناب!

(فائۇست كېتىدۇ)

ئەجەب، سوۋغا قىلىش — ئاشىقنىڭ دەردى!
مۇمكىن بولسا، ھەتتا ئاسماندىن شۇ تاپ.
يۇلتۇزلارنى ئېلىپ يارغا بېرەردى.

## قوشنا ئۆيي

**مارتا**

(يالغۇز)

ئېرىم ماگا قىلمىدى شەپقەت،
لېكىن تەگرىم ساقلا سالامەت.
تىرىك تاشلاپ مېنى يىراققا
ئۆزى كەتتى يىراق - يىراققا.
مەن سۆيەتتىم پىدا قىلىپ جان،
ساداقىتىم تەگرىمگە ئايان.

(يىغلايدۇ)

كەتسە ئۆلۈپ يىراققا ئەگەر،
مەيلى ئىدى ئالسامىلا خەۋەر.

(ماركارىتا كىرىدۇ)

**ماركارىتا**

ئاھ، مارتا!

**مارتا**

نىمە بولدى، گرېتخىن ساگا؟

**ماركارىتا**

تىترىمەكتە ۋۇجۇدۇم، قارا،
سىرلىق كىشى جاۋەندە ماگا

قالدۇرۇپتۇ ساندۇقچە يانا.
يوق دۇنيادا ئۇندىكى بىزەك،
ئاۋۋالقىدىن ھەتتا گۈزەلرەك.

مارتا

ئېيتىپ قويما ئاپاڭغا پەقەت،
بىرنۆۋەتەر چىركاۋغا ئەلبەت.

مارگارىتا

مانا قاراڭ — قانداق ئالامەت.

مارتا

(ياساندۇرىدۇ)

كۆلگەنىكەن ساڭا سائادەت.

مارگارىتا

ئەپسۇس، چىركاۋ ياكى سەيلىدە،
تاقالماسمەن ئۇنى ھېچقاچان.

مارتا

ئۆيۈمگە كىر، ئۆزۈم بۇ يەردە
قوياي سېنى ياساپ، بالىجان.

ھۆسن قوشار ساڭا بۇ بېزەك،
شاھىت ساڭا: سەن، مەن ۋە ئەينەك.
ئەتە بايرام، شۇندا بىر دانە
ئۆزۈكنى سال، ئاسقىن ھەم مارجان...
سېزەلمەيدۇ ئاناڭ ھېچقاچان،
سەزسە مۇمكىن تېپىش باھانە.

مارگارىتا

تاشلاپ كەتكەن كىم بوسۇغىنى؟
باشلاپ كەلمەس بالا - غوۋغىنى؟!

(ئىشىك تاقىلىدايدۇ)

كەلدى بەلكىم چاقىرىپ ئانام.

مارتا

قاراپ باق...

(ئىشىك يوچۇقىدىن قارايدۇ)

ياق، باشقا ئادەم.
نا تونۇش جاناب.

(ئىشىكنى ئاچىدۇ)

قېنى مەرھەمەت.

(مېفىستافىل كىرىدۇ)

مېفىستافېل

كىرگىنىمگە بېسىپ بى پۇرسەت،
كەچۇرۇڭلار، خانىملار مېنى.

(مارگارىتا تەۋەززۇ بىلەن چېكىنىدۇ)

مەن ئىزدەيمەن مارتا شىۋېردلېيىننى.

مارتا

مەن بولىمەن، نېمە ئىش جاناب؟

مېفىستافېل

كۆرۈشكەنگە خۇشالمەن شۇ تاپ.
لېكىن ئۆزرە سوراي، بىمەھەل —
كىرىپ سۆھبەتكە يەتكۈزدۇم مالال.
بولماقتىمەن شۇڭا خىجالەت
ئۇلۇغ زادلار ئالدىدا غايەت.
كەتتىم، كېلەي ئەتە يا ئىندىن.

مارتا

بېزەكلىرىڭ بىلەن، قارا، سەن
مەرتىۋىلىك خانىم كۆرۈندۈڭ.

### مارگارىتا

ئۆزرە جاناب، خانىم ئەمەسمەن مۇتلەق،
ئاددىي ئائىلىنىڭ ئاددىي قىزىمەن.
ئۆزۈمنىڭ ئەمەستۇر بۇ بېزەكلەر ھەم.

### مېفىستافېل

خانىملارنى بېزەك ئەمەس — يۈزىدىن،
قامىتىدىن، مەغرۇر باققان كۆزىدىن،
ھەرىكىتى ھەم ئېيتقان ھەربىر سۆزىدىن
ئاجرىتىپ ئالار ئەس - ھوشى بار ئادەم
خۇشالمەن سىلەردىن شۇڭا مەن بۇدەم.

### مارتا

ماڭا قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟

### مېفىستافېل

بىشەپقەت بولسامىمۇ ئامالىم قانچە،
كەچۈرۈڭ بىئارام قىلسامىمۇ گەرچە.
ئېرىڭىز يەراقتا يۇمدى كۆزىنى
ئەكەلدىم مەن ئۇنىڭ ۋىدا سۆزىنى.

مارتا

ئاھ، نېمە كۆرگۈلۈك ئەۋەتتىڭ خۇدا!
يالغۇزۇم، باغرىمدىن بولدۇممۇ جۇدا؟

مارگارىتا

بولدى، كۆپ قايغۇرماڭ يىغا پايدىسىز.

مېفىستافېل

ئېرىڭىز ھەققىدە سۆزلەي، ئاڭلاڭ سىز.

مارگارىتا

مەن ئۇچۇن ئۆلۈمگە تەڭدۇر بۇ ئازاب،
ئۆتمەكلىك مىڭ ياخشى سۆيگۈسىز ياشاپ.

مېفىستافېل

غەمدىن قورققان كۆلمەس شادلىق بىغىدا.

مارتا

ئېيتىڭ، قانداق ئۆلدى، قەيەردە، قاچان؟

**مېفىستافېل**

پادۇيا شەھرىدە ئۇ تاپشۇردى جان،
مۇقەددەس ئانتونى سەجدىگاھىدا،
ئۇ قۇتلۇق دەرگاھتا — ھەق پاناھىدا
ئەتتى تاش قەبرىنى مەڭگۈلۈك ماكان.

**مارتا**

ئۇنىڭدىن تەۋەررۈك قالغىنى يوقمۇ؟

**مېفىستافېل**

قالدۇردى ئۇ سىزگە يالغۇز ۋەسىيەت،
تاپشۇراي مەن ئۇنى — بۇ قەرز - ئامانەت.
يوقلىتىپ روھىنى ئۈچ يۈز نۆۋەت ئۇ —
مەرىكە قىلماقنى سورىدى سىزدىن،
لېكىن ئەۋەتمىدى ھېچ نەرسە بىزدىن.

**مارتا**

بىر ئۈزۈك ۋە ياكى بىرەر تال تۇمار
ئەۋەتىپ قويماپتۇ خاتىرە ئۈچۈن.
ھەر باشتا بار ئىكەن ياخشى - يامان كۈن،
ھەتتا ھۈنەرۋەنمۇ قاششاق ۋە ناچار،
ئايلاپ ئاچ يۈرىدۇ، يىللاپ يالىڭاچ،
قالدۇرار شۇندىمۇ بىرەر يادىكار.

**مېفىستافېل**

ئەلۋەتتە قىيىندۇر سىز ئۈچۈن خانىم،
ئىسراپخور ئەمەستى، لېكىن ئېرىڭىز.
ئۇنىڭغا بالا - دەرد بەرمىدى تىنىم،
ئۆكۈندى كۆپ قېتىم يۇمار چاغدا كۆز.

**مارگارىتا**

ئاھ، قانداق بەختسىز! سەجدە قىلغاندا،
ئوقۇيمەن ئەلۋەتتە روھىغا دۇئا.

**مېفىستافېل**

مۇشۇنداق ھېسداشلىق روھىڭىز ئۈچۈن،
تۇرمۇشقا مۇناسىپ خانىم سىز بۈگۈن.

**مارگارىتا**

مەن تېخى كىچىكمەن، تېخى ۋاقىت بار.
كىچىكلا تۇرمۇشقا چىقىش يات بىزدە.

**مېفىستافېل**

ئۆتىداقىتا لازىمدۇر تاپمىغىڭىز يار.
بۇ ھۆسن كامالىق بار ئىكەن سىزدە،
لۇتپىڭىز كىملەرنى قىلماس بەختىيار.

مارگارىتا

بىزدە يول قويۇلماس بۇ ئىشقا ئەسلا.

مېفىستافېل

ھە، بۇ ئىش ئالدىدا بىرخىلدۇر دۇنيا.

مارتا

ئۇ قانداق جان بەردى؟

مېفىستافېل

سـورسـىماق، ۋاي ئاھ!
كۆز يۇمدى ئادەمسىز يالغۇز، بىپاناھ،
ئۇستىدە يىپىنچا، ئاستىدا سامان، —
جان بەردى ۋە لېكىن قەلبىدە ئىمان.
سۆزلەپ گۇناھىنى بىر - بىرلەپ پۈتۈن،
يۈزمىڭ تووۋا قىلدى، ياش تۆكتى بىئۈن.
دېدى: لەنەت بولسۇن مەن ۋەتـەنسىزگە!
خوتۇنۇم ئۆي - جايىم، ھۈنىرىم تاشلاپ —
كەلدىمەن بۇ ئۆزگە يۇرتقا نېمىشقا؟!
ئىلىپ كەلگەن مېنى ئەجىلىم باشلاپ،
كەچۈر خوتۇن، دېدى كۆزىنى ياشلاپ.

مارتا

(يىغلاپ)

كەچۈرەي، روھىنى ئەسلەي دائىما.

مېفىستافېل

ئۇ سىزگە دۆڭگىدى ئەيىبنى ئەمما.

مارتا

ئۇ كاززاپ - يالغانچى — رەزىل، بىشمان!
ئۆلۈم ئالدىدىمۇ سۆزلەپتۇ يالغان!

مېفىستافېل

بەلكى يېڭىلگەندۇر، كىم بىلىدۇ، ئۇ
سىزنى كۆپ گۇناھقا قىلدى روبىرۇ.
ھۇزۇرلۇق قىلمىدىم، — دېدى ھېچقاچان
ھېچقاچان ئەمگەكتە تاپمىدىم تىنىم.
بالىمۇ تۇغدۇردۇم، تېپىپ بەردىم نان،
ھېچ رازى بولمىدى لېكىن ئايالىم.
تىنچلىق بەرمىدى ماڭا ئۇ بىردەم
ئىچمىدىم بىر قوشۇق ئاشنى خاتىرجەم.

### مارتا

ناھاتكى ئۆتتۈلغان بولسا ئەتە ـ كەچ
قۇچاقلاپ سۆيۈشۈم... ئېيتمىدىمۇ ھېچ؟

### مېفىستافىل

ھەممىنى ئەسلىدى، بولدى مىننەتدار.
دېدى ئۇ: «مالتادىن چىقىپ كېمىمىز،
ئائىلەمنى ئەسلەپ چوقۇندۇم تەكرار، —
تەڭرى قالدۇرمىدى سەجدەمنى بىئىز —
تۈركلەر كېمىسىگە ئۇچراپ قالدۇق بىز.
بىزگە ئولجا بولدى، ئولجا ئەمەس بەخت،
سۇلتان خەزىنىسىن ئېپ ماڭغان كېمە!
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ھېسابىن دېمە.
ئاردا بايلىقنى تەقسىم قىلغان پەيت،
جەڭ ئارا باتۇرلۇق قىلغىنىم ئۈچۈن،
ئۈلۈشۈم ھەممىدىن كۆپ تەگدى شۇ كۈن».

### مارتا

قەيەردە شۇ ئۈلۈش — كۆمۈپ قويغاندۇ؟

### مېفىستافىل

ئۈلۈشنى ئىزدەشتىن يوق پايدا ئەسلا.
شورلۇق ئېرىڭىزنى تىنچسىز تەقدىر

تەنھا قالدۇرغاندا نېشاپال ئارا،
بايلىقتىن مەنپەئەتدار، بولۇشىنى بىلمەي
بىگانە شەھەردە بولغاندا سەرسان،
ئېرىگىمىزنى ئارتۇق تەقەززا قىلماي
ۋەسلىگە مۇيەسسەر قىلدى بىر جانان.
ئەتە ـ كەچ قېشىدا بولدى پەرۋانە
ھەمدەم، ھەمدەرد بولدى ئاگا يېگانە.
بىچارە ئېرىگىمىز ئۆلگىچىلىك تا
ئاشۇ يار كۆڭلىدىن چىقمىدى ئەسلا.

مارتا

ئەي ئەبلەخ، ئۇياتسىز، ئىپلاس مۇتتەھەم،
قالماپتۇ قىلىقى خار ـ زار بولسا ھەم،
قۇتۇلماپتۇ پەسكەش، رەزىل بالادىن.

مېفىستافىل

مانا ياخشى بولدى، كەتتى دۇنيادىن.
سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ئەگەر —
بىر يىلچە قارىلىق تۇتۇپ مۇقەررەر
دەرھال باشقا ئەرگە تېگىشۋالاتتىم.

مارتا

ئۇنداقنى مەن ئەمدى نەدىن تاپاتتىم.
ئۇ شۇنچە تۈز ئىدى، شۇنچە ساددە، گول،

ئۇنداقلار تېپىلماس بۇ ئالەمدە مول.
ئەيىبى ئىچەتتى كۆپلەپ شارابنى،
بۇزۇق خوتۇنلاردىن كەتمەيتتى نېرى.
تاشلىسا ئۇ يەنە قارتا ئويناشنى،
بولمايتتى ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدەك ئېرى.

مېفىستافېل

ئۇ ئۆزى نېمىگە بولسا ئىشقىۋاز،
يول ئېچىپ قويغاندۇر سىزگىمۇ بىر ئاز.
ئاشۇنداق بولسا ئەر - ئايالمۇ ئازاد.
ئالسىڭىز ئاشۇنداق ھوقۇقتىن لەززەت،
مەن سىزگە قولۇمنى سۇندۇم، مەرھەمەت!

مارتا

قالتىسقۇ بۇ چاقچاق — بولىدۇ ئۇيات.

مېفىستافېل

(ئۆز - ئۆزىگە)

شەيتانغىمۇ دەرس بەرگۈدەك،
بولمىغۇدەك كەتمىسەم تېزرەك!
قالماي يەنە سۆزدە ئىلىنىپ.

(مارگارىتاغا)

كۆڭلىڭىز يوق ھېچكىمگە دېمەك.

مارگارىتا

بۇ نېمە گەپ؟

مېفىستافېل

(ئۆز - ئۆزىگە)
بىگۇناھ گۆدەك!
(ئاشكارا)
مەن كەتتىم، خەير!

مارگارىتا

خەير!

مارتا

توختاڭ، مەن كىمدىن
ئېرىم ئۆلگىنىگە ئالىمەن ھۆججەت؟
مەن ئۈچۈن كېرەكتى ئىككى ئىلىك خەت،
قەيەردە ۋە قاچان كۆز يۇمدى — بىلەي،
جامائەت ئەھلىگە ئاشكارا ئېتەي.

مېفىستافېل

ھۆججەت كېرەك ئەمەس، ئىككى كىشىنىڭ
دەلىلى بولسىلا بولغاي كۇپايە.

مېنىڭ بىر دوستۇم بار، ئاندىن
تەستىقلەر، نېمىنى قىلسام ھېكايە

**مارتا**

مەيلى كەلسۇن.

**مېفىستافېل**

خانىممۇ كېلەر،
دوستۇم دىلكەش، دانا ۋە چېۋەر
كۆپنى كۆرگەن كېزىپ دۇنيانى.
قىز - جۇۋاننىڭ ئاپىتى، جېنى.

**مارگارىتا**

ئۇيىلارمەن جانابنى كۆرسەم...

**مېفىستافېل**

ئۇيالمايسىز شاھ ئالدىدا ھەم.

**مارتا**

بوپتۇ، بۈگۈن چۈشكەندە كۈتۈم،
باغدا سىلەرنى كۈتىمىز چوقۇم.

## كوچا

**فائۇست ۋە مېفىستافېل**

**فائۇست**

ئىش قانداق؟ مەقسەتكە يېتىمىز قاچان؟

**مېفىستافېل**

ۋۇجۇدۇڭدا ئاتەش، ھاياجان نېچۈن؟
باغرىڭدا بولىدۇ ئەلۋەتتە جانان،
مارتانىڭ بېغىدا كۆرىمىز بۈگۈن.
ئۇ شۇنداق سۆيۈملۈك گۈل سۇپەت جۇۋان،
يارالغان زوق، ھۇزۇر بەرمەكلا ئۈچۈن.

**فائۇست**

بەك بەلەن، خۇشالمەن.

**مېفىستافېل**

بىزلەردىن پەقەت
تەلەپ قىلىندۇ بىر ئازلا خىزمەت.



فائۇست

خىزمەتكە خىزمەت ـ تە! مەيلى مەن تەييار.

مېفىستافىل

بىز ئاشۇ جۇۋانغا ئېرىك ئۆلدى، دەپ،
پادۇيا شەھىرىدە نابۇت بولدى، دەپ
گۇۋاھلىق بېرىمىز، ئاگا شۇ كېرەك.

فائۇست

ئاۋۋال ئۇ تەرەپكە بارىمىز، دېمەك.

مېفىستافىل

تەۋەررۇك، سادىقلىق نېمىگە كېرەك —
ئەرزىمەس بىر ئىشقا شۇنچە قايغۇرماق.
بىر ۋارلىق قەغەزگە ئىمزا قويساك بەس.

فائۇست

بىلىشقا بىر چارە تاپ بۇندىن ياخشىراق،
ئويلىغان بۇ ئىشىك ھېچ توغرا كەلمەس.

مېفىستافىل

قانداق مۇتىۋەر زات! پەرىشتەدەك ساپ!
ئويلاپ كۆر، ئاخىر سەن شۇ كۈنگە قەدەر

قانچە يالغان سۆزلەر ئېيتتىڭ نائىنساپ.
قانچە ـ قانچە ئىچتىڭ يالغان قەسەملەر.
تەگرى ۋە تىرىكلىك، ئالەم ھەققىدە
تارقاتتىڭ قانچىلاپ چۆچەك ئەقىدە.
ئىشەنچ ۋە خاپىلىق ھەققىدە يەنە
ئۆزۈڭ كۆرگەن كەبى قىلدىڭ ھېكايە.
مارتانىڭ ئېرىنى بىلسەك قانچىلىك،
ئالەمدىن بىلگىنىڭ پەقەت شۇنچىلىك.

فائۇست

بۇ ـــ مەنتىق ئويۇنى، ئەسلى بىر نەيرەڭ.

مېفىستافېل

ئەي، پاكىز ئادەم، ماڭا بىر قاراڭ،
كۆزىڭىزدىن ياتار ئېھتىراس ـ ئۇچقۇن.
كۆرەيلۇق، بۇگۇن يا ئەتە كەچقۇرۇن،
تۆشكە تارتىپ گۈزەل ماركارىتانى
قەسەم ئىچمەسسىزمۇ، ئېيتىڭا، قېنى؟

فائۇست

ئايانكى، چىن دىلدىن ئىچىمەن قەسەم.

مېفىستافېل

ھە، يەنە چىن دىلدىن قىلىسىز ئىزھار،
دەپ سىزگە مەن مەڭگۇ ئاشىق بىقارار.

### فائۇست

ھە، ئىشقىم ئوتىنى مەڭگۈلۈك دېسەم،
ۋىجدانىم كېپىلكى، ھەقلىقمەن تامام.
نە قىلاي قەلبىمنى قۇچقان يالقۇننى
ئىپادە قىلىشقا سۆز تاپالمىسام،
ھېسلار قانىتىدا ئاسمانغا ئۇچسام.
مېنى ئەسىر قىلغان ئۇ كۈمۈش تەڭگە
مەڭگۈلۈك ئىشقىم دەپ ئىچىمەن قەسەم.
بىلىمەن تىرىكلىك مەڭگۈلۈك ئەمەس،
مەڭگۈلۈك سۆزىمۇ شۇڭا باب ئەمەس.
ۋە لېكىن چىن سۆزنى ئەيلىسەم ئىزھار
بۇ قانداق ئىبلىسلىق، ھەييارلىق بولار؟

### مېفىستافېل

مەن يەنە ھەقلىقمەن،

### فائۇست

ھەقلىقسەن ئەييار!
تىز پۈكتۈم، ھە، سېنى يەڭمەكلىك دىشۋار،
سەندە شەيتانلىقمۇ، چېچەن تىلمۇ بار.
بەھېستىن نە پايدا، كونىمەن، نېتەي،
سەن ماڭا كېرەكسەن، خوپ دەيمەن ئەتەي.

## باغ

مارگارىتا فائۇست بىلەن، مارتا مېفىستافېل بىلەن قول تۇتۇشۇپ باغدا سەيلە قىلىشىپ يۈرىدۇ.

### مارگارىتا

ئەجەبمۇ رەھىمدىل كىشى ئىكەنسىز،
ئىلتىپات قىلدىڭىز سىز ماڭا غايەت.
كۆپ يۇرتلار كەزگەنسىز، كۆپنى كۆرگەنسىز،
تەكەللۇپ، ياخشىلىق سىز ئۈچۈن ئادەت.
مەن ئۈچۈن شەپقەتتۇر ھەر بىر سۆزىڭىز،
يوق بىراق سۆزۈمدە سىز ئۈچۈن لەززەت.

### فائۇست

ھەر سۆزۈڭ ۋە ماڭا ھەر بىر بېقىشىڭ،
ئەۋزەلدۇر سۆزىدىن بارچە دانىشنىڭ.

(قولىغا سۆيىدۇ)

### مارگارىتا

سۆيمەڭ بۇ قوللارنى، لەۋ ئۈچۈن ئۇۋال،
ئەمگەكتە قاپارغان، يىرىك ۋە قوپال.
ئۆيدە بۇ قوللارغا يوق قىلچە ئارام،
بەك قاتتىق تۇتىدۇ تەرتىپنى ئانام.

(نېرى كېتىشىدۇ)

مارتا

يولدا ئۆتەر پۈتۈن ئۆمرىڭىز، دېمەك؟

مېفىستافېل

نە ئامال، كەسپىم شۇ، شۇ ماڭا ئەمەك.
ئالەمنى كەزمەكلىك بولغانىكەن نېسىپ،
ئىشىمىز يەنە شۇ ئالەمنى كەزمەك.

مارتا

ياشلىقتا يارىشار ئىزدەنمەك، كەزمەك،
هايات نېمە — يوقتۇر زەررىچە پەرۋا.
لېكىن قارىلىقتا تەنها ۋە بويتاق
قارا يەرگە بارماق بەك ئېغىر سەۋدا.

مېفىستافېل

ئويلىسام مەن ئۇنى ئۈيۈشار يۈرەك.

مارتا

كۆپ ئۆتمەي ئۇنىمۇ ئويلىشىش كېرەك.

(نېرى كېتىشىدۇ)

مارگارىتا

ھە، كۆزدىن ئۆچكەندە ئۇنۇتىدۇ دىل،
بۇ سۆزلەر ئەقەللىي ئىلتىپات خالاس.
دوستىڭىز كۆپ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ھامى،
ھەممىسى دانىشمەن، — مەن بىرلا غاپىل.

فائۇست

ئىشەن، ئىنساندىكى ئەقىل ۋە ھېكمەت
بىمەنە كىبىرنىڭ بەلگىسى پەقەت.

مارگارىتا

ناھات!

فائۇست

نە ئۈچۈن پاكلىق ۋەيا سادىقلىق،
بىلمەس بۇ دۇنيادا ئۆز باھاسىنى.
پەقەت مەسۇملۇقتۇر شەرەپكە مالىك،
ئىنسان شۇندىن تاپار مۇددىئاسىنى.

مارگارىتا

قويىسىڭىز گەر مېنى يوقلاپ بىر نۆۋەت،
ئەسلىگەن بولاتتىم سىزنى مەن ئەبەد.

**فائۇست**

**دائىم ئۆيدىمۇ سەن؟**

**مارگارىتا**

كۆپىنچە يالغۇز.
سانالماس ئۇ گەرچە كاتتا خوجۇلۇق،
كۆپ بىراق ئىشلىرى قىلچە ئارام يوق.
بولمىغاچ خىزمەتكار ئاش - تاماق ئېتىش،
سۈپۈرۈش، كىريۇيۇش، تىكىش ۋە چېتىش،
ھەممىسى ئۆزۈمگە تەئەللۇق خىزمەت،
ئانامۇ تەرتىپكە قاتتىق قول قەۋەت.
ۋە لېكىن ئەمەسمىز ئانچە كەمبەغەل،
ياشايمىز، نەرسىمىز ئۆزىمىزگە تەل.

ئاتامدىن قالغانىدى بىزلەرگە مىراس،
ئاز -تولا مال - مۈلۈك، ئۆي - جاي، كىچىك باغ
خوشلاشتى ئۆتكەن يىل ئاكام ئەسكەر بوپ،
جان ئۈزدى سىڭلىممۇ قىلىپ دىلنى داغ.
ھەر كۈنى ئۇ بىلەن ئىدىم ئاۋارە،
ئەسلىسەم يۈرىكىم بولىدۇ پارە.
ئەگەر ئۇ تىرىلىپ كەلسىدى قېنى —
تەيياردىم قايتىدىن ئازاب تارتقىنى.

### فائۇست

ئۆسكەندۇ پەرىشتە ۋە ياكى ھۆردەك.
ئوخشىغان بولسا گەر ساڭا ئۇ گۆدەك.

### مارگارىتا

دۇنياغا كەلدى ئۇ ئاتام ئۆلگەن يىل.
ئانىسى بولىدۇممەن، بىچارە ئانام
ئېغىر جۇدالىقتىن بولۇپ خەستە دىل
ياتاتتى بىھۇش بوپ، بىز بولساق تامام،
ئۇ تىرىك قالماس دەپ ئۆزگەندۇق كۆڭۈل.
ئۇ شورلۇق شۇنچىلىك ئىدىكى بىھال،
بالا ئېمىتىشنى قىلماستى خىيال.
سىڭلىمنى مەن باقتىم، بەردىم سۈت ۋە سۇ،
كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم ئۇنى كۈندۈز ـ كەچ.
مېنىڭسىز بىردەممۇ تۇرالمايتتى ئۇ ــ
ئۇنىڭسىز مەن خۇشال بولالمايتتىم ھېچ.

### فائۇست

ئۆزۈڭنى بەختلىك سانارمىدىڭ سەن؟

### مارگارىتا

ھالىمدىن تامامەن كېتەتتىم، بەزەن
تۈن بويى يېنىمدا ياتاتتى بوۋاق.

يېغلىسا ئورنۇمدىن تۇراتتىم شۇۋاق.
ئۇنىڭغا سۆت بېرىپ ئەللەي ئېيتاتتىم،
ئورنۇمغا ئالاتتىم، ھېچ بولمىسا جىم —
كۆتۈرۈپ مەن ئۇنى چىقاتتىم باغقا.
سەھەردە ھەممىدىن بۇرۇن تۇرماقا
مەجبۇر ئىدىم — يەنە كىر - پىر ۋە بازار ...
شۇنچە ئازابلارنىڭ ھەققىگە پەقەت
ئۇيقۇ — راھەت ئىدى، لوقما ئاش — لەززەت.

(نېرى كېتىشىدۇ)

مارتا

سىزدەك بويتاقلارنى ھەق يولغا سالماق
شورلۇق خوتۇنلارغا تولىمۇ قىيىن.

مېفىستافېل

ئەڭ ياخشى تالىپ بولاتتىم جەزمەن،
سىزدەك مۇئەللىمە بەرسىلا ساۋاق.

مارتا

ئۇنداقتا ئېيتىڭا ماڭا سىز قېنى،
كۆڭلىڭىز خالايدۇ قايسى بىرىكىمنى؟

مېفىستافېل

گەپ باركى، ئۆز ئۆيۈڭ ۋە ھالال جۈپتۈڭ
ئالەمچە بايلىقتىن ئەلا ھەر قاچان.

مارتا

سىزنى بەنت ئەتكەنمۇ سۆيگۈ خىيالى؟

مېفىستافېل

مەن ھەر چاغ بولغانمەن سۆيۈملۈك مېھمان.

مارتا

كېيىمنى چۈشىنىڭ، ئاكلاپ ئەستايىدىل
بەرگەنمۇ بىرىگە سىز بىر ئازراق كۆڭۈل؟

مېفىستافېل

قىلمايمەن خوتۇنلار بىلەن ھەزىل.

مارتا

كېيىمنى ئۇقماپسىز.

مېفىستافېل

مەن ئەسلى غاپىل،
پەمىم يوق ۋە لېكىن چۈشەندىم ئېنىق.
قەلبىڭىز ئىشققا ئىكەن لىقمۇ ـ لىق.

(نېرى كېتىشىدۇ)

فائۇست

جىگىرىم، سەن بۇگۈن ئۇچراشقان چاغدا،
مېنى تونۇدۇڭمۇ بىر كۆرۈش بىلەن.

مارگارىتا

ئەلۋەتتە تونۇدۇم كۆرۈپلا باغدا،
تىكىلدىم ھەم يەرگە ئۇيىلىش بىلەن.

فائۇست

ئۇ كۈن يول ئۈستىدە رەنجىتتىم سېنى،
مەن ئۆزرە سورايمەن، كەچۈرگىن مېنى،
شۇ قوپال زىيادە چاقچىقىم ئۈچۈن.

مارگارىتا

ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغانىدىم ئۇ كۈن،
ھېچكىم سۆز ئاچمىغان ماڭا شۇڭغىچە،
چىقمىغان ئۈستۈمدىن ھەمدە يامان گەپ.
ئويلىدىم سۆز ئاچتى يىگىت نېمىشقا،
باشقىچە كۆرۈنۈپ قالدىمۇ ياء دەپ.
بۇ ئۈچۈن ئەيىبلىك بەلكىم مەن ئۆزۈم،
مۇمكىنكى قىلغانمەن غەلىتە قىلىق.
بولمىسا ئۇچرىشىپ يولدىلا شۇ دەم،

قىلامدۇ بىر قىزغا يىگىت قاراملىق.
سىزدىن رەنجىمىدىم قىلچە ئاشۇ كۈن،
گېپىم راست، ئۆزۈمنى كايىدىم پۈتۈن.

**فائۇست**

ئاھ، جېنىم!

**مارگارىتا**

تىنچ تۇرۇڭ...

(گۈلنى ئۈزۈپ، يوپۇرماقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يۇلۇشقا باشلايدۇ)

**فائۇست**

بۇ قانداق ھەرىكەت؟
گۈلدەستە ئۈچۈنمۇ؟

**مارگارىتا**

شۇنچىكى ھەۋەس...

**فائۇست**

نىمە بۇ، چۈشەندۈر؟

مارگارىتا

كۆلمەك سىز پەقەت.

(ئۆزىچە پىچىرلايدۇ)

فائۇست

بۇ نېمە پىچىرلاش؟

مارگارىتا

سۆيەمدۇ ... سۆيمەمدۇ...

فائۇست

گۈزىلىم!

مارگارىتا

سۆيىدۇ، سۆيمەيدۇ. سۆيىدۇ،
سۆيمەس.

(ئاخىرقى گۈل بەرگىنى ئۈزۈپ، سۆيۈنۈچ بىلەن توۋلاپ)

سۆيىدۇ، هە!

فائۇست

سۆيگەندە قانداق!
ئىشەن، ئۇ سەن ئۈچۈن جاننى پىدادۇ.

گۈل بىلەن پال ئاچتىڭ، بۇ پال ئەي قىزچاق
تەڭرى بېشارىتى بولغاي بىگۇمان.

مارگارىتا

تۇرىمەن تىترەپ.

فائۇست

قورقما ھېچقاچان.
شۇ قول ھارارىتى
شۇ كۆز يالقۇنى
بۈيۈك چەكسىزلىكنى ئەيلىسۇن بايان.
بۇ بىر چەكسىزلىككى،
ئۇنىڭ تەرىپى
تەسۋىرگە يوقتۇر قىلچە ئىپادە.
ئالەمدە شادلىق بار —
ئىككى يۈرەكنى
باغلىغۇچى شادلىق پەقەت دۇنيادا،
بۇ شادلىق، بۇ بەختنىڭ
چېگرىسى يوق.
چېگرا نىمە؟
زادى نىمە ئۇ؟
سۆيگۈنىڭ ئاخىرى — ئالدىم ئاخىرى.
ياق، سۆيگۈ مەڭگۈلۈك،
مۇھەببەت مەڭگۈ.

(مارگارىتا ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق قىسىدۇ ۋە
يۇلقۇنۇپ باغ ئىچىگە قاچىدۇ، فائۇست

بىر دەقىقە ساراسىمىدە قالدۇ، ئاندىن
قىزنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ)

مارگارىتا

(ئىچكىرىدىن چىقىۋېتىپ)
قاراڭغۇ چۈشمەكتە.

مېفىستافېل

ھە، قايتىش كېرەك.

مارتا

مەن سىزگە بۇنچە تېز بەرمەستىم جاۋاب،
بۇ بىزنىڭ شەھەردە ئادەملەر سەگەك.
ياتقا تىكىلگەن كۆز بۇندا بىھېساب.
باسقان قەدەملەرگە باقماق، كۈزەتمەك
ئۇلارنىڭ ھۈنىرى — ئىشى يوق بولەك.
بىزنى باغ ئىچىدە كۆرۈشسە شۇ تاپ،
ئەتىلا قىلىشار كاتتىا بىر كىتاب.
دوستلىرىمىز قېنى؟

مېفىستافېل

ئۇلار باغ ئارا
بىر جۈپ پەرۋانىدەك يۈرەر ئايلىنىپ.

مارتا

قىز ئۇنى دىلىدىن قالدى يارىتىپ.

مېفىستافېل

ئۇ بولسا قىزچاقنى، بۇ شۇنداق دۇنيا!

سەھنەتگاھ

مارگارىتا يۈگۈرۈپ كىرىدۇ ۋە ئىشىك ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، بارمىقىنى لېۋىگە باسقانچە ئىشىك يوچۇقىدىن قارايدۇ

مارگارىتا

كېلىۋاتىدۇ.

فائۇست

(كىرىپ)

قاچالمايسەن، قىز!

مارگارىتا

بارلىقىمغا ھاكىم ئۆزىڭىز.

(مېفىستافېل ئىشىكنى ئۇرىدۇ)

**فائۇست**

كىمسەن؟

**مېفىستافېل**

ئۆز ئاغىنەڭ!

**فائۇست**

ھەي، پەمسىز ھايۋان!

**مېفىستافېل**

كېتىشىم كېرەك.

**مارتا**

(كىرىدۇ)

توغرا، كەچ بولدى جاناب.

**فائۇست**

ئۇزىتىپ قويۇشقا بارمىكىن ئىمكان.

**مارگارىتا**

ياق، ئانام ئۇچرىتىپ قالسا ناگىھان،
تارتىمەن قىلمىشىم ئۈچۈن كۆپ ئازاب.

فائۇست

ئەپسۇس، دېمەك، ماڭا بېرىسىز جاۋاب.
خەير!

مارتا

ئامان بولۇڭ.

مارگارىتا

كۆرۈشكىچە خەير.

(فائۇست ۋە مېفىستافېل چىقىپ كېتىدۇ)

ئۇنىڭ پىكرى قىلار ئالەمنى سەير،
مەن بولسام ئالدىدا بىر گۆدەك مىسال،
تۇرىمەن ئۇيىلىپ قىزارغانچە لال.
تۇرىمەن ۋە ياكى «ھە» دەيمەن پەقەت.
ۋە لېكىن بىر ئىشنى ئويلايمەن ھامان:
ئۇنىڭغۇ بېشىدا بىر ئالەم ھېكمەت —
قانداق يېقىپ قالدىم ئاڭا — مەن ھەيران.

(كېتىدۇ)

## ئورماندىكى غار

فائۇست

ئەي سەن ئىلاھىي روھ، نېمە تىلىسەم،
بارلىق تىلىكىمنى كەلتۈردۈڭ بەجا.

سەن يالقۇن ئىچىدە كۆرۈندۈڭ ماڭا.
تەبىئەت كۆركىنى قىلدىڭ ھەم ئاتا.
تۈگىمەس ھېس - تۇيغۇ بەردىڭ ھەم يانا.
باقمايمەن ئالەمگە ھەيرەتتە شۇڭا.

ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ قارايمەن
دوستنىڭ يۈرىكىگە باققاندەك گويا.
قانداقلا بىر جاندار بولسا ئالەمدە،
ئۆتكۈزدۈڭ ھەممىنى ئالدىمدىن بىر - بىر.

ئۆگەتتىڭ ئۇلارنىڭ ياشاش يولىنى،
قالمىدى مەن بىلمەس قىلچىلىكمۇ سىر.
ئورماننى قۇچقاندا دەھشەتلىك بوران
ئەسىرلىك قارىغاي غۇلاپ شۇ ھامان.

ئۆزگە دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ شۇندا
بەرگەندە ئۇپۇقلار ھەم ئەكس سادا،
ئورماندىكى غارغا يېتەكلەپ مېنى
ھەم ئۇندا ئۆزۈمنى يالغۇز قالدۇرۇپ،

قەلبىم كىتابىنى تەكرار ئوقۇتۇپ،
ئۆگەتتىڭ سەن ماڭا غايەت سىرلارنى.
مەن ئايغا قارايمەن ۋە شەبنەم سۆيگەن
ياپراقتا، قىياغا تاشلايمەن نەزەر.

ئاستا ئۆزۈۋاتقان بۇلۇت سايىسى
ئۆتمۈش كارتىنىسىن ماڭا ئەسلىتەر.
قارايمەن ۋە ماڭا يۈكسەك كامالەت
نېسىپ بولمىغىنى سېزىلەر ئەلۋەت.

مېنى تەڭرىگە تەڭ قىلغۇچى قۇدرەت
يۈكسەك خىياللارغا قىلىپ ھەمدەم، بەنت،
يەنە ھەمراھ بەردى ئاددىي، كەمتەر ھەم

باغلاندى ھاياتىم ئاڭا مۇستەھكەم.
گەرچە ئۇ سەن ماڭا بەرگەن نېمەتنى
ئۇرسىمۇ تۇپراققا تۆكۈپ قىممەتنى،
گۈزەللىك سېھرىنى ماڭا كۆرسەتتى،
قەلبىمگە بىر سىرلىق يالقۇن بەخش ئەتتى.
سوۋۇتماق بولسەن ئۆزۈمنى، بىراق،
ئۆرتەيدۇ قەلبىمنى ئۆچمەس ئىشتىياق.

(مېفىستافېل كېلىدۇ)

### مېفىستافېل

ئەي، دەرۋىش! جېنىڭغا تەگمىدى ناھات،
كىشىسىز ئورماندا ئۆي سۈرمەك تەنھا.
بۇ قانداق كۆرگۈلۈك، بۇ قانداق ھايات،
ئويلاپ تاپمىدىڭمۇ ئۆزگە بىر سەۋدا؟

### فائۇست

بولاتتى ئۆزۈڭمۇ تاپساڭ بىرەر ئىش
ئايغاقچىلىق قىلىپ يۈرۈشتىن بۆلەك.

### مېفىستافېل

بۇ چاقچاق ۋە لېكىن تالاش ۋە تارتىش،
ئويلاپ كۆر ئوبدانىراق نېمىگە كېرەك؟
ئادەمسەن ھەر قاچان ناچار پېئىللىق،
چاپلاشتى بۇ ئىللەت نېمىشقا ساڭا؟

كۈندۈز ـ تۈن قىلىمەن سەن ئۈچۈن خىزمەت
ئۈستىسەڭ نېمىنى، ئېيتساڭلا ماڭا،
ئالەمنىڭ چېتىدە بولسىمۇ، شۇئان —
قىلىمەن مەن تەييار، يەنە مەن يامان.

فائۇست

تەئەججۈپ، ئېيتمىغۇم كېرەكمۇ رەھمەت
كۈندۈز ـ تۈن غايىب بوپ يۈرگىنىڭ ئۈچۈن؟

مېفىستافېل

ئەي، ئىنسان، سوراشقا قىلىمەن جۈرئەت،
مېنىڭسىز سەن قانداق ياشايتتىڭ بۇ كۈن؟
كىم سېنى تەنھالىق ئوقۇبىتىدىن
شۇ دىمىق كولىبىدىن چىققان قۇتقۇزۇپ؟
بولمىغان بولسام مەن جىسمىڭمۇ سېنىڭ،
زېمىن سەھىپىسىدىن كېتەتتى ئۆچۈپ.
بۇ تاغ ئورمىنىغا كەلدىڭ نېمىشقا؟
غەملەرنى يەشمەكچى بولدۇڭمۇ تەنھا —
جۈپتىدىن ئايرىلغان پاقىدەك ياكى،
ۋەيرانىلىققا قونغان ھۇقۇشتەك گويا؟
بىر قاراپ ئىشەندىم، كۆكسۈڭدە ھامان
تەنھالىق ئالدىمى ياشار بىگۇمان.

فائۇست

قېنى سەن بىلسەڭدىڭ مەن بۇ ھالەتتىن
تاپىمەن خۇشاللىق، ھۇزۇر شۇ قەدەر،

گەر بىلسەڭ، سۆزسىزكى، چەكسىز ھەسەتتىن
بۇ شادلىق قويىنغا تاشلايتتىڭ زەھەر.

**مېفىستافېل**

مانا بۇ ھەقىقىي ساماۋى لەززەت!
تۈن بويى ئۈي سۈرمەك تاغلىق ئورماندا!
ئىلاھى ھېسلارنى ئاسرىماق جاندا
ۋە تەنھا ئىزدىمەك روھىي ھىدايەت.
ئالەم يارىتىلغان قۇتلۇق ئالتە كۈن —
ھېكمەتتىن جەم قىلماق كۆكسۆلدە پۈتۈن.
بۇ يورۇق دۇنيادا ئۆتكەن ھەردانا،
يولۇققان نەرسىدىن ئىزدەيدۇ مەنا.
ھە، ئاندىن تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدىن
غۇلايدۇ ھەممىسى گۇم بولۇپ بىردىن.

(غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدۇ)

زادى بۇ نېمىدىن، ئېيتالىتىم، ئەپسۇس
ھە، ئۇنى سۆزلەشكە يول قويماس نومۇس.

**فائۇست**

نەقەدەر رەزىللىك!

**مېفىستافېل**

رەزىللىك؟ ئەجەب؟
نېمىشقا كۆزۈڭدە بۇ قەدەر غەزەپ؟
نومۇستىن قىزاردىڭ، ۋۇجۇدۇڭ — قەھر

ئاغزىمدىن چىقمايلا ھەقىقەت سۆزى.
تىرىكلىك ئىچرە بۇ بار گەپقۇ ئاخىر.
ئاخىر ئۇ سىز يوقتۇ نومۇسنىڭ ئۆزى.
مەيلى سەن ئالداشنى تاشلىما زەررە
مۇناپىق يۈزۈڭگە تارتىۋەر نىقاب.
ئەمما بىلىپ قويغىن، تار كولبە ئىچرە
كىرىپتىخىن سەن ئۈچۈن چەكمەكتە ئازاب.
ئۇ يالغۇز، ئۇ سېنى ئويلايدۇ پەقەت
ۋىسال ئىشتىياقى ئەزمەكتە ئۇنى.
يېمەك - ئىچمىكىدە يوق قىلچە لەززەت،
تامامەن ئۇنتۇغان ئارام، ئۇيقۇنى.
ئۇنىڭ مۇھەببىتى تاشقىن بېقىرغاق،
ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلمەس تىنجىشنى.
سەن بولساڭ شورلۇقنى ئۇنتۇدۇڭ، قاچقاق،
ئىزتىراپ ئىچىدە قالدۇردۇڭ ئۇنى.
تىنچ ئورمان قويىنىدا يۇلتۇزلار بىلەن
سۆھبەت قۇرۇپ بۇندا ياتقاندىن كۆرە،
خەۋەر ئال ئۆرتەنگەن قىزنىڭ ھالىدىن
سېنى دەپ دەرد چەككەن كۆڭلىنى سورا.
ئۇ شورلۇق روجەكتىن تەلمۈرۈپ بۈگۈن
كارۋان بولۇتلاردىن تىلەيدۇ نىجاد.
ھەم ناخشا ئېيتىدۇ مىڭىلىنىپ ئاستا!
«ئاھ، قېنى قۇش كەبى بولسامدىم ئازاد».
گاھ كۈلەر ئۇ شورلۇق، گاھ سەكرىتەر قاش،
گاھ مەسۇم خىيالىن چۇلغايدۇ تۇمان.
ۋە لېكىن ھەمىشە كۆزلىرىدە ياش،
ۋە لېكىن ھەمىشە كۆڭلىدە ئارمان.

فائۇست

يىلانسەن! يىلانسەن!

مېفىستافېل

(ئۆز - ئۆزىگە)

ئوت سالدىم جانىغا
ئاتقان ئوقۇم بېرىپ تەگدى نىشانىغا.

فائۇست

توختىتاي ۋەسۋەسەڭنى، ئەي ئەرۋاھ، جىم بول،
بۇ ھەقتە سەن ماڭا ئېغىز مۇ ئاچما.
تىنجىغان شۇ مۇدھىش بورانىنى يانا
دەردكەش يۈرىكىمدە قايتا قوزغاتما.

مېفىستافېل

ئەمما قىز قەلبىدە قورقۇش، ھاياجان،
ئۇنتۇدى مېنى دەپ قىلماقتا گۇمان.

فائۇست

قەيەردە بولماي ئۇ ماڭا ھەمنەپەس،
تەلپۈنەر يۈرىكىم ئاڭا شۇ قەدەر —

مەن ھەتتا سەنەمگە قىلارمەن ھەۋەس،
ئۇ سەنەمگە يارىم لەۋ باسسا ئەگەر.

مېفىستافېل

گۈللەر قۇچىقىدا ياتقان جۈپ جانغا
قارىماق نەقەدەر زوق، بېرەر ماڭا.

فائۇست

يوقال كۆزۈمدىن!

مېفىستافېل

مەيلى سۆكۈۋەر،
مەن بولسام ئاڭلاپلا قالىمەن خالاس.
ياراتتى تەڭرىمىز ئايال بىلەن ئەر —
بىرىنى بىرىگە باغلىدى ئىخلاس.
قوغلىغىن تۈگىمەس خىياللارنى، بەس،
ئۆزۈڭنى يوقاتما گۆدەك مىسالى.
ئاخىر سەن جاللات ياكى دار ئەمەس،
كۈتمەكتە شۇ گۈزەل يارىنىڭ ۋىسالى.

فائۇست

ئاھ، دىلبەر قۇچىقى مەن ئۈچۈن جەننەت،
بارچە لەززەتلەرنىڭ يۈكسەك كامالى.
ئەمما يار باغرىدا تاپقاندا راھەت

كەتمەس كۆز ئالدىمدىن قىزنىڭ زاۋالى.
مەن كىم؟ بىر بىۋەتەن، غەملىك سايىمەن،
دىۋانە كۆڭلۈمدە ئارام يوق ھامان.
مەن گويا كۆز يەتمەس يۇكسەك قىيادىن
ئۆزىنى تۆۋەنگە تاشلىغان قىيان.
ئۇ بولسا يېنىمدا — جىمجىت كولبىدە
تىنچ ھايات كەچۈرۈپ تۇرغۇچى بىر جان.
شۇ نىھال قامەتكە، شۇ گۈل بەدەنگە
تارغىنا ھۇجرىسى گويا كەڭ جاھان.
مەن ياۋۇز بىر تاشقىن، ماڭا گويا كەم
يۇكسەك قىيالارنى ئاتقىنىم پەسكە،
ھەر يوغان خادا تاش، قۇرام تاشنى ھەم
رەھىمسىز كۆمگىنىم قۇمغا ۋە خەسكە.
مەن يەنە ئۇ مەسۇم پاك بىر گۆدەكنىڭ
تىنچ ھاياتىغا ئۇزارتتىم چاڭگال.
ئېيتقىنىڭ بولسۇن سەن ياۋۇز مەلەكنىڭ
باشلىغىن مېنى قىز يېنىغا دەرھال.
دىيانەت ھېسلىرى چېكىنسۇن بىردەم،
ئادالەت، شەپقەتكە يۇماي كۆزۈمنى.
مەن ئۇنى قۇچقاندا يۇكسەك چوققىدىن
تۆۋىنىز يار قوينىغا ئاتاي ئۆزۈمنى.

**مېفىستافېل**

يەنە غەزەپ، يەنە مىسلىسىز تۇغيان!
بار ئۇنىڭ يېنىغا، ئارام بەر تېزرەك.
تۇراقلىق كوچىغا كىرسە گەر ئەخمەق،

تۆكدى ئالەم دەپ قىلدۇ گۇمان.
سەن ئۇدىنىڭ ھەممىشە مەرد ۋە باھادىر،
ئالغا يۈر، چېكىنمە، تېگىرقىما ئەسلا.
دادىل بول، نېمىدىن قورقىسەن ئاخىر —
سەن ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئۆزىغۇ ھەمراھ.

## گرېتخېننىڭ خانىسى

### گرېتخېن

(يالغۇز، ئۇرچۇقتا يىپ ئېگىرىدۇ)

كۆڭلۈمدە نېچۈن،
يوق قىلچە ئارام.
ئەسىر مەن مىسكىن،
ئويلارغا تامام.
ئۇ بولمىسا گەر،
يېنىمدا بىردەم.
قاراڭغۇ بولار
ماڭا بۇ ئالەم.
ئۇ نەدە قالدى،
تۆكۈلەر يېشىم.
ئەقلىم يوقالدى،
ئايلاندى بېشىم.
كۆڭلۈمدە نېچۈن
يوق قىلچە ئارام؟
ئەسىرمەن مىسكىن

ئويلارغا تامام.
روجەكتىن باقسام،
ئۇنى كۆتەرمەن.
يولىغا ھەردەم
كۆزۈم تۇتارمەن.
خىيالىمدىن كەتمەس
قەددى - قامىتى.
ئۇ ئالغان نەپەس،
بارچە ئادىتى...
ئۇنتۇيالمايمەن،
قىلغان سۆزىنى.
تەبەسسۇم بىلەن
باققان كۆزىنى.
كۆڭلۈمدە نېچۈن،
يوق قىلچە ئارام؟
ئەسىرمەن مىسكىن
ئويلارغا تامام.
ۋىسالىن تىلەر
يۈرىكىم بۇ كۈن.
ئاڭا ئىنتىلەر
ۋۇجۇدۇم پۈتۈن.
قىلارمەن قانداق
ئاڭا يەتمىسەم؟
مەيلى ئىدى بىر
قۇچسامۇ ئۆلسەم.

## مارگارىتانىڭ بېغى

### مارگارىتا ۋە فائۇست

**مارگارىتا**

ۋەدە بەر، گېنرىخ!

**فائۇست**

خوپ، ۋەدە بېرەي.
سەن ئۈچۈن تەييارمەن ھەممە سەۋداغا.

**مارگارىتا**

ئىشەنچىڭ بارمۇ، ئېيت، دىنغا، خۇداغا؟
سەن ياخشى ئادەمسەن، بۇنى بىلىمەن،
ئىخلاسىڭ نامەلۇم، چۈشەنمىدىم ھېچ.

**فائۇست**

ئەي، قىزچاق، سەن بۇنداق سوئاللاردىن كەچ.
سەن ماڭا ئەزىزسەن، شۇ ئۆزى شۆھرەت،
باشقا بىر ئىخلاسمۇ ماڭا بىھاجەت.

كىم ماڭا ئەزىزدۇر — ئاڭا جان ...دا،
ئەھلى سەجدىلەردىن كۆلمەيمەن ئەمما.

ماركارىتا

پەرىزدۇر ئەگىرىگە دائىم سىغىنماق.

فائۇست

نېچۈن؟

ماركارىتا

ئىشەندۇرۇش مۇشكۈل، سەن ئاخىر
تەڭرى ھىممىتىنى قىلمايسەن قەدىر.

فائۇست

قەدىرلەيمەن.

ماركارىتا

پەقەت ئەقىلدە بىراق.
ئەسلى بۇ سىرلاردىن سەن بەكمۇ يىراق.
چېركاۋغا بارمايسەن ئۇزاقتىن بۇيان،
خۇدايىڭ بارمۇ، ئېيت؟

**فائۇست**

جىنىم، ھىچقاچان

سورىما سەن بۇنى، ئېيتالايدۇ كىم

ھېيىقماستىن، دادىل، بار دەپ خۇدايىم!

سوراپ كۆر دانىشمەن، روھانىيلاردىن،

ئۇلارنىڭ جاۋابى نەق بولار، لېكىن،

كۆلكىدىن ئۆزگىچە ئەمەس بۇ جاۋاب.

**مارگارىتا**

دېمەككى، ئىشەنچ يوق.

**فائۇست**

جېنىم سەن ئەسلا

چىقارما سۆزۈمدىن ئۆزگىچە مەنا.

كىم كامىل ئىشەنچتە ئېيتالايدىكەن

«مەن ئاڭا قەتئىي ئىشىنىمەن» دەپ.

ياكى كىم

مەنمەنلىك قىلالايدىكەن:

«ياق، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن» دەپ.

ئالەمنى ياراتقان — ئۇ،

ھەم ئۇنىڭ تايانچى — ئۇ

ئۇنىڭ پاناھىدا ھەممە نەرسە جەم:

سەنۇ مەن،

ھەتتاكى ئۇنىڭ ئۆزى ھەم.
بېشىمىزدا يوقمۇ گۈمبىزى ساما،
ئاياغ ئاستىمىزدا يوقمۇ يا تۇپراق؟
يوقمۇ تاڭ ئۇپۇقىدىن قارىغان زۆھرە
بىز ئۈچۈن ئايىماي نۇر چاچقان پارلاق؟
بىغۇبار كۆزۈڭگە سېنىڭ ئەي گۈزەل
مەھلىيا كۆز تىككەن مەن ئەمەسمۇ يا؟
راستىنلا يوقمىدۇ ئاستىمىزدىكى
سەن ۋە مەن سەزگەنۇ سەزمىگەن دۇنيا؟
شۇ دۇنيا باغرىدا بارلىقىڭنى بىل
ھايات بىرلىكىگە ئىشەن دائىما.
چۈشەنسەڭ سەن بۇنى، بىلگىنىڭنى قىل،
سۆيگۈ، بەخت دەمسەن ۋە ياكى خۇدا؟!
ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تېپىلماس نىسبەت،
نامىمۇ يوق ئىپادە قىلغۇچى پۈتۈن.
بارچە گەپ تۇيغۇدا، سۆز بولسا پەقەت
شۇ نۇرلۇق پەلەكنى توسقۇچى تۈتۈن.

## مارگارىتا

سۆزۈڭنىڭ ھەممىسى توغرا، بەكمۇ ساز.
نەق شۇنى ئېيتىدۇ سەجدەگاھتا ھەم،
باشقىچە سۆز بىلەن ئەگىتىپ بىر ئاز.

## فائۇست

شەكسىز، بۇ پىكىرنى تەكرارلار ئالەم،
ھەركىم ئۆز تىلىدا قىلىدۇ بايان.

تەئەججۇپ ئەمەسكى مەن ھەم، بۇ ئايان —
ھەقىقەتنى يەنە تەكرار ئەيلىسەم.

مارگارىتا

سۆزۈڭدە ھەقىقەت بارلىقمۇ راست.
ۋە لېكىن تەكتىدىن قىلغاندا قىياس،
ئەمەسسەن ئەيسانىڭ مەزھىپىگە خاس.

فائۇست

ھەي، قىزچاق!

مارگارىتا

نېچۇندۇر — بىلمەيمەن دوستۇڭ —
رەنجىمە، كۆڭلۈمگە زادىلا ياقماس.

فائۇست

خوش؟

مارگارىتا

نەدىن تاپقانسەن بۇنداق ئۈلپەتنى،
كۆرمىدىم سىلەردە بۇنداق خىسلەتنى.
ھەر قاچان مەن ئاڭا تاشلىسام نەزەر
تېنىم جۇغۇلدايدۇ، قىلىمەن ھەزەر.
چىن سۆزكى، ھېچ كىشى ھازىرغىچىلىك،
نەپرەت قوزغىمىغان مەندە شۇنچىلىك.

فائۇست

ھېيىقما، ئۆنىڭدىن قورقۇشۇڭ بىكار.

مارگارىتا

تۆرقىمۇ قەلبىمنى دەھشەتكە سالار،
قەلبىمدە يوق خەققە ئاداۋەت زەررە.
جۇش ئۇرار ھەرقاچان مېھرۇ ئىلتىپات،
سېنىڭغۇ ئالدىڭدا مەن بىر ئەسىرە.
ئەمما دوستۇڭ تامام يۈرىكىمگە يات.
كۆڭلۈم ئەسلا سۆيمەس، قورقىمەن كۆرسەم،
كەچۈر تەڭرىم، ئەگەر مەن ناھەق سۆزلىسەم.

فائۇست

نە ئامال، ئۆلپىتىم شۇنداق دىۋانە.

مارگارىتا

ساڭا ھېچ ئوخشىماس، تامام بىگانە،
ئۇ بىلەن بىر نەپەس بولماستىم ھەمدەم.
ئۇ كىرىپ كەلگەندە بۇ يەرگە ھەردەم،
جادۇگەر بىر ئۇچقۇن يانار كۆزىدە،
مەسخىرە سېزىلەر ھەر بىر سۆزىدە.

ئادەمنى بىر پۇلغا ئالمايدۇ پەقەت،
مېنىڭچە ئۆلپىتىڭ ئۆمرىدە بىر رەت
مۇھەببەت شەۋقىگە بولمىغان ئاشنا.
ئىزگۈ ھېسلارنى ئۇ بىلمىگەن ئەسلا.
ئۇچراشساق ئىككىمىز نۇرلىنار ھەريان،
ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بولساق ئۈچەيلەن،
قاراڭغۇ كۆرۈنەر كۆزۈمگە جاھان،

**فائۇست**

پەرىشتەم، ھېسلىرىڭ نازۇك نەقەدەر.

**مارگارىتا**

دەھشەتتۇر ئۇنىڭغا تاشلىماق نەزەر.
تىكىلىپ تۇرغاندا سوغۇق كۆزلىرى،
تىلىمغا كەلمەيدۇ سەجدە سۆزلىرى.
بىز بىلەن بولسا ئۇ، كۆڭلۈمدە ھەتتا
ساڭا مۇھەببىتىم تۇيۇلار يالغان.
يۈرەكتە بىر بوشلۇق سېزەرمەن ھامان.

**فائۇست**

دېمەككى كۆڭلۈڭگە ياقماس ھېچقاچان.

**مارگارىتا**

كەچ بولدى، مەن قايتاي.

### فائۇست

توختا بىر نەپەس!
ناھەتكى سەن بىلەن بىر سائەت يەككە
دىلغا دىل، كۆكرەكنى يېقىپ كۆكرەككە
بولماقلىق نېمىشقا ھېچ نېسىپ ئەمەس.

### مارگارىتا

بۇ كېچە ياتسامدىم مەن ئۆزۈم تەنھا،
ئىشىك زەنجىرىنى سالماستىم، ئىشەن.
ئانام ئۇخلار دائىم يېنىمدا ئەمما،
ئىنتايىن سەگەك ئۇ، ئەگەر مۇبادا
ئىككىمىزنى كۆرۈپ قالسا يانمۇ يان،
مەن شۇئان جېنىمدىن بولىمەن جۇدا.

### فائۇست

بار ئۇنىڭ چارىسى مانا شىشە، ئال،
سۇغا بۇ دورىدىن ئۈچ - تۆت تامچە سال.
ئىچكەندە كەچقۇرۇن ئاناڭ شۇ سۇنى،
ئويغىتىپ بولمايدۇ تاڭغىچە ئۇنى.

### مارگارىتا

جېنىم، مەن سەن ئۈچۈن ھەر ئىشقا تەييار،
بۇ ئوغا ئەمەستۇ، يەتكۈزمەس زەرەر؟

**فائۇست**

جىگىردىم، مەن ساڭا بېرەمتىم زەھەر؟

**مارگارىتا**

قارشىلىق قىلىشقا كۈچ قالماس زىنھار،
كۆزۈمگە لىپ ئېتىپ تىكىلسەڭ ئەگەر.
نېمىنى خالىساڭ مەن ئاڭا ھازىر.
مەن سېنى جېنىمدىن كۆرۈپ مىڭ ئەلا.
ۋۇجۇدۇمنى بارىمنى بەخىش ئەتتىم، ئاخىر،
ھېچ نەرسەم قالمىدى قىلماققا پىدا.

**مېفىستافىل**

(كىرىدۇ)

**مايمۇنچەڭ كەتتىمۇ؟**

**فائۇست**

ئايغاقچى! يانا.
تۇردۇڭمۇ ئاڭلاپ؟

**مېفىستافىل**

ئەلۋەتتە
ئاڭلىدىم ھەم بىلدىم، بىر قىزچاق كاتتا

ئالىمغا ددن دەرس ئۆگەتتى، مانا!
قىزلار ئارزۇسىغا ئېتىقاد يولداش،
نىيىتى ئايانكى ئۇلار شۇنداق دەر:
قانچە ئېتىقادلىق بولسا ئەگەر ئەر،
بۇلار خوتۇنىغا ئۇ شۇنچە ياۋاش.

فائۇست

ياۋۇز مەخلۇق نەدىن بىلسەن، بۇ دەم—
قىزنىڭ يۈرىكىدە ئېتىقاد ـ ئىمان.
مەن ئۈچۈن يەيدۇ غەم ھەم دىنسىزلىق
ئىلكىدىن قۇتقۇزماق بولىدۇ ھامان.

مېفىستافېل

سۆيگۈ بار، ئىشەنچ بار كۆڭلۈڭدە يالغۇز،
ھە، سېنى تازىمۇ مەپتۇن قىلدى قىز.

فائۇست

نىجاسەت ۋە ئوتتىن تۆرەلگەن! يوقال!

مېفىستافېل

ئۇ زېرەك ۋە قۇۋ قىز، قاراپ بىسالال
بىلدۇ كىملەرنىڭ قانداقلىقىنى.
ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا، سېزەمسەن شۇنى،

تۇرتماس بىردەممۇ، ئۇنىڭغا ئايان —
مەن با دانىشمەنمۇ ۋە ياكى شەيتان.
دېمەككى بۇ كېچە؟...

**فائۇست**

نېمە ئىشىڭ بار؟

**مېفىستافىل**

مەنمۇ بۇ ئاردا قالماسمەن بىكار...

## قۇدۇق يېنىدا

(كوزا كۆتۈرگەن گرېتخېن ۋە لىزخېن كىرىدۇ)

**لىزخېن**

بەربەلخېن ھەققىدە ئاڭلىدىڭمۇ گەپ؟

**گرېتخېن**

ياق، تېخى، ئاخىر مەن ئۆيدىنغۇ دائىم.

**لىزخېن**

ھەممىنى كۆلدۈردى سىبىللا سۆزلەپ:
تۇتۇلۇپ قاپتۇدەك ئاشۇ گۈلئايىم.
پەس كويغا چۈشۈر ئۇ ئەمدى بىر ئازراق!

**گرېتخېن**

نېمه گەپ؟

**لىزخېن**

خۇنۇك گەپ، ئۇ يەپ - ئىچكەن چاغ —
بىر تەندە بەھرىمەن بولار ئىككى جان.

**گرېتخېن**

توۋا!

**لىزخېن**

بەتتەر بولسۇن ھەممىدىن يامان.
چوڭ تۇتۇپ يۈرەتتى ئۆزىنى ئەجەب!
ھەممىگە تېپىلدى مانا ئەمدى گەپ.
ئۇيالماي غەلىتە قىلىق قىلاتتى،
يىگىتلەر بويىنىغا كۆپ ئېسىلاتتى.
دائىما ھۆسنىنى قىلاتتى كۆز - كۆز،
ئۇنىڭغا مەنسۇپتى ماختاش، ئىللىق سۆز.
يىگىتى قولىدىن ئالاتتى سوۋغا.
ئۇسسۇلغا چۈشەتتى بىللە دائىما.
ئۆزىنى سانايتتى ھەممىدىن گۈزەل،
بىللىدى شۇ يىگىت بىلەن ھەرمەھەل.
قەھۋەخانىلاردا ئىچەتتى شاراب،

بىلمەستى چېكىشنى ئاخىرى ئازاب.
مانا جازاسىنى بېرىپتۇ خۇدا،
گۈل شېھى بولۇپتۇ غۇنچىدىن جۇدا.

گرېتخېن

بىچارە!

لىزخېن

بىچارە دېمىگىن ئۇنى،
بىزگە كىم ئېچىنغان؟ بىزمۇ ھەر كۈنى
كەچكىچە قاراڭغۇ كولبىدە قېلىپ،
ئۇرچۇق ئېگەرگەندە ئېزىلىپ، قېلىپ،
سۆيگۈنى يېنىدا يايرىغاندا ئۇ،
بىلمەيتتى نېمە ئۇ — يالغۇزلۇق، قايغۇ.
ھە، ئەمدى ئۇ بارلىق قىلمىشى ئۈچۈن،
خوپ بولدى — ئېگىدۇ مەغرۇر قامەتنى
ۋە ئېلىپ بوينىغا توقۇ لەنەتنى،
توۋا قىپ ياش تۆكەر چېركاۋدا بۇ كۈن.

گرېتخېن

يىگىت ئەمدى ئاڭا ئۆيلەنسە كېرەك.

لىزخېن

ئۆيلىنىپ بوپتۇدەك! يوق بۇنداق تەنتەك.
چىقاتتى باشقىمۇ ئايال تۈزۈكرەك.
پۈتتۈرۈپ ئىشىنى بىر جۈپ بوپتۇدەك.

گرېتخېن

زەپ بوپتۇ! ئىنساپمۇ قىلماپتۇ ئەخمەق.

لىزخېن

ئۆيلەنگەن بولسىمۇ بەربىر ھېچكىم،
قۇتقۇزماس نومۇستىن ئۇ قىز - ئەخمەقنى.
توي كۈنى يىگىتلەر تۇراتتىمۇ جىم،
چۇۋۇشۇپ تاشلىشار گۈلچەمبىرەكنى.
بىلسەن، بىزنىڭمۇ پەيلىمىز يامان،
چاچىمىز بوسۇغا ئۈستىگە سامان.

گرېتخېن

(ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ)

مەنمۇ بۇرۇن راسا كۈلەتتىم،
ئاچچىقلايتتىم، ھەيران بولاتتىم،
گۇناھلىق ئىش قىلسا بىرەر قىز،
دەيتتىم: قانداق نومۇس، قانداق يۈز!
تۇتار ئىدىم ئۆزۈمنى مەغرۇر،
ئەيىبلەيتتىم بولۇپ ئەلگە جور.
گۇناھلىق ئىش بولدۇ قانداق؟
قىلالمايتتىم تەسەۋۋۇر بىراق.
نەپرەتلىرىم ئۆزۈمگە ياندى،



پۈتۈم گۈناھ يولىغا ماگدى.
قانداق بولار ئەمدى ئاقىۋەت،
كۈتەر مېنى قانداق ئوقۇبەت؟
مېنى قۇچقان شۇ تۈيغۇ لېكىن،
يېقىملىق ھەم ئاجايىپ شېرىن.

## شەھەر سىپىلى يېنىدا

قەلئە سېپىلىنىڭ تەكچە قىلىپ ئويۇلغان يېرىدە بۇۋى مەريەم ھەيكىلى. ھەيكەل قارشىسىدا گۈللەر، گرېتخېنمۇ گۈل قويىدۇ

**گرېتخېن**

ئەي مونىس، مېھرىبان —
تەۋەررۇك ئانىجان،
دەردلىك يۈرىكىمگە بىر تاشلا نەزەر.
كۆزۈڭدە ئەلەم،
قولۇڭدا بالاڭ —
لېۋىڭدە زارلىرىڭ،
پەلەكنى چارلىدىڭ،
چارلىدىڭ: «نەدە سەن، نەدە سەن، پەدەر؟»
يۈرەكتە دەردىم،
بىلەلەيدۇ كىم؟
ۋۇجۇدۇم يانماقتا — ھېچ كىشى بىلمەس.
بۇ مېنىڭ بارلىقىم ساڭىلا ئايان،

سەن ئۆزۈڭ مەدەت بەر ماڭا، ئانىجان،
مۇنىس نىگاھىڭنى تاشلا بىر نەپەس.
ئەل ئارا تامام
يوق مەندە ئارام،
كۆتۈرەلمەيمەن كۆزۈمنى ئەسلا.
بولغاندا ئۆيدە
يىغلاپ ھەر كۈندە
بوشىتىۋالىمەن كۆڭلۈمنى تەنھا.
مانا بۇ گۈللەرنى
تەردىم سەن ئۈچۈن
ياش بىلەن ئۇلارنى
ھۆل قىلدىم پۈتۈن.
خانامغا تاڭ نۇرى
چېچىلغان چاغدا،
مەن بىدار ئىدىم
ھەسرەتتە، داغدا.
قۇتقۇز نومۇستىن،
قۇتقۇز ئانىجان
سەنسەن تايانچىم،
يالغۇز مېھرىبان.

## تۈن، گرېتخېننىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچا

ۋالېنتىن — ئەسكەر، گرېتخېننىڭ ئاكىسى

# ۋالېنتىن

سورۇنلاردا ئىچىپ مەي ـ شاراب،
بەزى نادان ئادەم ئۇرۇپ لاپ،
ئۆز يارىنى ماختايتتى، ھە، دەپ،
خۇددى پەرى قىلىپ تەسۋىرلەپ.
گويا ئۇنىڭ يارىدەك بەرنا،
بۇ دۇنياغا كەلمىگەن ئەسلا.
مەنچۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
ئولتۇراتتىم پەرۋامۇ قىلماي.
ئاندىن ئاستا بۇرۇتنى تولغاپ،
گەپ باشلايتتىم ئاستا ـ ئالدىرىماي.
دەيتتىم ئىگىز كۆتۈرۈپ مەينى:
«گەپ ـ بەرمەكتە كۆڭۈل مەيلىنى.
گۈزەل بولسا، سىڭلىمدەك بولار،
ئېيتىڭ، يۇرتتا ئاڭا تەڭ كىم بار؟»
بەللى دەيتتى مەيخانا ئەھلى،
تۇتۇلاتتى ماختانچاق تىلى.
بۇ كۈن تامام ئۆزگە ھال ئەمما،
غەزىپىمدىن بەزىدە ھەتتا
يۇلغۇم كىلەر ئىدى چېچىمنى،
ئۇرغۇم كىلەر ئىدى بېشىمنى.
نېمىشقىدۇر تەرەپ ـ تەرەپتە،
سوقار مېنى ئەگىتمە گەپتە.
بۇ گەپلەردە ئىما ـ ئىشارەت،
ئۆزگە مەنە، تەنە، بېشارەت.

قولىقىمغا كىرگەندە بۇ گەپ،
ئاچالمىدىم بىر سۆزگىمۇ لەب.
مەن ئۇلارنى قويمايتتىم ئامان
ئەگەر بولسا گەپلىرى يالغان.
ئەنە، كېلەر تامنى ياقىلاپ،
ئىككى سايە، تۇرايچۇ قاراپ.
بولسا ئۇلار ئىبلىس مۇبادا،
تىرىك كەتمەس بۇ يەردىن ئەسلا.

(فائۇست ۋە مېفىستافېل كىرىشىدۇ)

### فائۇست

قارىغىن، سەجدىگاھ دېرىزىسىدە
پىلدىرلاپ يانماقتا بىر چىراغ، ئەنە.
ئۆچكەندەك پەسىيىپ قالار بەزىدە،
بەزىدە نۇرلىنىپ يانىدۇ يەنە.
بۇ كېچە زۇلمەتنى بوغماقتا ئۇنى،
كۆڭلۈممۇ قاراڭغۇ — ئەسلىتەر شۇنى.

### مېفىستافېل

مەن بولسام قايغۇدىن بىگانە پۈتۈن،
ۋۇجۇدۇم تولغىمەس خۇشاللىق تاپقان
گويا كى چاشقاننىڭ كەينىدىن چاپقان
مۈشۈكتەك بەختىيار، جۇشقۇنمەن بۈگۈن.
شوخلۇقتا تارالغان مېنىڭ شۆھرىتىم،

ئالدىمدا ئەنە شۇ شوخلۇق بەزمىسى.
زوقلىنىش ئىلكىدە يايرار جان ـ تېنىم،
يېقىنلاپ ۋالپورگىيە تۈنى ـ كېچىسى.
ئۇ كېچە ئارزۇسى بەرەر خۇش تۇيغۇ،
ئۇ كېچە ئىلىنماس كۆزلەرگە ئۇيقۇ.

**فائۇست**

چىقامدۇ شۇ چاغدا يەرنىڭ ئۈستىگە،
يىراقتىن نۇر چېچىپ تۇرغان خەزىنە.

**مېفىستافېل**

ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قالدى ئازغىنە،
سەن قوبۇل قىلامسەن ئۇنى ئاغىنە.
مەن ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىدىم نەزەر،
لىق تولغان ئۇنىڭغا ھەر خىل كۈمۈش، زەر.

**فائۇست**

بارمىدۇ ئۇنىڭدا ھالقا يا ئۈزۈك،
گرېتخېنگە سوۋغا بولغۇدەك تۈزۈك؟

**مېفىستافېل**

كۆكلۈكگە پۈككىنىڭ تېپىلار تولۇق،
ئۇندىكى دۇرلارنىڭ ھېسابىمۇ يوق.

فائۇست

بەك بەلەن! ئالماستىن ـىرەر تال سوۋغا،
مۈشكۈلدۇر بارماقلىق قىزنىڭ يېنىغا.

مېفىستافىل

ئەلۋەتتە سوۋغىمۇ؟ ئۇنىڭسىز ھەمدە،
كۆڭۈلنى خۇش قىلىش ئاسان ئالەمدە.
گەپنى قوي، يولتۇزغا تولماقتا ئاسمان،
مەن ئەمدى ناخشامنى ياڭرىتاي ھەر يان.
بۇنىڭدا كۈيلىنەر نومۇس ۋە ھايا،
ئەپچىقار قىزنى ئۇ قىلىپ مەھلىيا.

(گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

جىمجىت ئۇشبۇ تۈن
كاترىنخېن نېچۈن
تۇرىسەن مەھزۇن
سەن بۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا تەنھا؟
قىلمىدىڭمۇ ھېس —
ئىشىكتىن يالغۇز
كىرىسەن ئەي قىز،
خالىغىنىڭچە چىقماق تەس ئەمما.
ئىشەنمە سۆزگە
نىيىتى ئۆزگە—

پۈتكەن چاغدا ئىش؛
دەر: «خەير ئەمدى» — پۈتتى، ۋەسسالام!
ئۇ قانچە بەرنا
ۋە قانچە دانا
بولمىسۇن ئەمما —
نىكاھقىچە تا
كۆنمە ئۇنىڭغا. بولارسەن تامام.

ۋالېنتىن

(ئالدىغا چىقىپ)

نېمە دەيسەن، ھەي چاشقان تۇتار؟
بۇ كوچىدا كىم كېرەك ساڭا؟
ئاۋۋال كۇكۇم بولىدۇ گىتار،
ئاندىن نۆۋەت كېلەر كاللاڭغا.

مېفىستافېل

چېقىشۋەتتى گىتارنى تەنتەك.

ۋالېنتىن

كاللاڭنىمۇ پاچاقلاش كېرەك.

مېفىستافېل

(فائۇستقا)

چىقار دوكتور قىلىچنى تېزرەك،
يېنىمدا تۇر، باشلا، ھۇجۇم قىل.

مەندىن بولسۇن زەربە قايتۇرماق،
سەن قىلىچ ئۇر، قىلىچ ئۇر دادىل.

ۋالېنتىن

قېنى كۆرەي قايتۇرغىنىڭنى!

مېفىستافېل

قايتۇردۇم مانا!

ۋالېنتىن

مانا ساڭا يەنە بىر سوۋغا!

مېفىستافېل

تۇرۇۋېتىمىز تەييار دائىما.

ۋالېنتىن

ئادەم ئەمەس، بۇ — شەيتان راستلا،
تېنىمدە كۈچ قالمىدى ئەسلا.

مېفىستافېل

(فائۇستقا)

قىلىچنى سانجى!



**ۋالېنتىن**

تۆگەشتىم، ئاللا!

**مېفىستافىل**

مانا ئەمدى تۆگەشتى تەنتەك،
ئىشقا تۇتۇش قىلايلى تېزرەك.
تۇرمايلى بىز ئەسلا ئېزىلىپ،
ۋاڭ - چۇڭ سالار خەلق يىغىلىپ.
مىرشاپنىڭغۇ كۆندۈرۈش ئاسان،
قازى بىلسە بولىدۇ يامان...

**مارتا**

(دېرىزە ئالدىدا)

كىم بار؟ تېز بۇياققا!

**گرېتخېن**

(دېرىزە ئالدىدا)

كەلتۈرۈڭ چىراغ.

**مارتا**

قانلىق جاڭجال بولماقتا شۇ تاپ.

خەلق

بىرى ئۆلگەن.

مارتا

(چىقىپ)

قېنى ئۇ قاتىل ئوغرى؟

گرېتخېن

(چىقىپ)

بۇ يەردە ياتقان كىم؟

خەلق

ئاناڭنىڭ ئوغلى.

گرېتخېن

ئاھ، تەڭرىم! بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەم يوق ماڭا!

ۋالېنتىن

مەن كۆز يۇمىمەن، دۇنيا ئەلۋىدا،
پەرياد قىلماڭ. تۈگەر ھاياتىم، —

كۆڭلۈمدە بار ئىككى ئېغىز سۆز،
ئېيتاي شۇنى، ئاڭلاڭ تۇرۇپ جىم.

(خەلق ئۇنى قورشايدۇ)

گرېتخېن، سەن، كىچىكسەن ھېلى
قىلمىشىڭنى پەھىم ئەتكىلى —
ئەقلىڭ سېنىڭ يەتمەيدۇ ھازىر.
ئەمدى بىر يول — يوق ئۆزگە ئىمكان:
پاھىش قويىنىغا كىردىڭمۇ پىنھان، —
پاھىشە بولغىن، ئاشكارا ئاخىر.

گرېتخېن

ئاھ، ئاكامنى ئۆلتۈرمە ئىگەم!

ۋالېنتىن

ئىگەم ئەمدى بېرەلمەس ياردەم.
نەپ يوق ئەمدى بولدى بولار ئىش،
مۇمكىن ئەمەس ئۇنى قايتۇرۇش.
سەن بىرىگە بولدۇڭمۇ ئەمەك،
ئەتە كېلەر باشقىسى دېمەك.
ئۇلار يىغىلىپ بولسا ئون نەپەر،
كېلەر بارچە شەھەردىكى ئەر.
ھارامى ھەم كېلەر دۇنياغا،
ھازىرچە ئۇ چىقماي زىياغا،

باشقا كىيىپ زۇلمەتتىن قالپاق،
ياتار تىپتىنچ — كۆزلەردىن يىراق.
بولغۇچىلىك زاھىر - نامايان،
ئۇنى ھازىر يوق قىلماق ئاسان.
ۋە لېكىن ئۇ يوشۇرۇن ئۇيات
ئۆسەكتىندۇر سائەتمۇ - سائەت.
كەڭگەندە ئۇ يورۇق دۇنيادا،
دەھشەت بولماس بۇندىن زىيادە.
ئىشىنىمەن كېلىندۇ بىر كۈن،
ئىنسان پاركى، ئىمانى پۈتۈن،
ھەزەر قىلار تامامەن سەندىن
ھەزەر قىلغان كەبى ۋابادىن.
لەنەت دەيدۇ ھەممە ياش - قېرى،
ئادەملەردىن يۈرەرسەن نېرى،
كۆتۈرمەيسەن يەردىن كۆزۈڭنى
كۆز - كۆز قىلىپ ھەرگىز يۈزۈڭنى.
غۇرۇر بىلەن قويماسسەن قەدەم،
تۇرالماسسەن سەجدىگاھتا ھەم.
ۋاقىت يېتەر، مەجرۇھ ۋە گاداي —
سەرگەردانلار بېرەر ساڭا جاي.
تەگرى سېنى كەچۈرگەندە ھەم
يەر يۈزىدە ئەڭ تۆۋەن ئادەم
ئۆزۈڭ بولۇپ قالارسەن تەنها، —
نومۇس دېگىن يۈيۈلماس ئەسلا!

## مارتا

لەنەت تېشى ئاتقاندىن كۆرە،
تەگىدىن ئۆز ئىمانىڭ تىلە.

### ۋالېنتىن

ئەي، قارا يۈز! نېتەي، يوق كۈچۈم
ئۆمۈرتقاڭنى سۇندۇرماق ئۈچۈن.
شۇنداق قىلسام، بەلكى ئىلاھىم
ئەپۇ قىلار بارچە گۇناھىم.

### گرېتخېن

ئاھ، ئاكىجان! بۇ قانداق جازا؟

### ۋالېنتىن

بەس، يىغلىما، پايدا يوق ئەسلا،
سەن يوقىتىپ نومۇس - ئارىڭنى.
ئۆز قولۇڭدا تىلدىڭ باغرىمنى.
مەن بىگۇناھ ۋە تازا ئىمان —
سولدات كەبى بەرمەكتىمەن جان.
(ئۆلىدۇ)

## بۇتخانا

كارناي چېلىنىدۇ، خەلق ئىبادەت ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. گرېتخېن خەلق ئىچىدە. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىبلىس.

## ئىبلىس

گرېتخېن، بۇرۇن
مېھراب قېشىدا
تۇراتتىڭ ئۆرە.
يىرتىق كىتابقا
قاراپ تىكىلىپ
ئوقۇيتتۇڭ سۈرە.
خىياللىرىڭ گاھ
قىلاتتى پەرۋاز
تەڭرىمىز تامان.
گاھى بالىلىق
ئويۇنلىرىن ياد
ئېتەتتىڭ ھامان،
گرېتخېن!
كەزمەكتە نەدە
خىيالىڭ ـ پىكرىڭ؟
ئەتمەكتە ئەكس
چەكسىز ئازابنى
بۇ سېنىڭ چېھرىڭ.
ياكى دىلىڭدا
تۇرامدۇ قايناپ
ئاناڭ روھىغا
ئوقۇلغان زىكرىڭ؟
بوسۇغاڭدا قان،
ئۇ كىمنىڭ قېنى؟

تۇرسەن ساقلاپ،
دىلدا نېمىنى؟
ئىترەككە سالغان —
قېمە ئۇ سېنى؟

گرىپتخېن

يەنە ئاشۇ،
يەنە ئاشۇ كونا ئوي - خىيال.
قاچماققا ئۇندىن
يوق مەندە ئامال.

خور

Dies irae, dies illa
Solvet saectim in favilla

(كاناي تاۋۇشى)

ئىبلىس

تەگرى غەزىپى
يەتتى بېشىڭغا.
ياڭرايدۇ كاناي!
ئىترەر قەلبلەر.
دوزاخ ئوتىدا
يانماقتا مەڭگۈ.

سېنىڭ جېنىڭدۇر
تۇپراق ئاستىدىن
چىقىۋاتقان ئۇ.

گرېتخېن

كېتەيمەن تېزرەك
قىلماستىن ھايال.
بۇ كۈي كېلىمىغا
سالماقتا چاڭگال.

خور

Iudex ergosum sedebit
Quidguid latet, adparevit
Mil inultum remanevit.

گرېتخېن

كېسىلدى دېمىم
گۈمبەز ئىلكىدە.
كەتتىم ھالىمدىن،
ئىشىك قەيەردە؟

ئىبلىس

قاچىۋەر مەيلى،
لېكىن گۇناھىڭ



يۇيۇلماس پەقەت.
دەمسەن، نۇر، ھاۋا؟
يوق ئەمدى ئۇلار،
بار يالغۇز كۆلپەت.

خور

Zudex ergo cum sedevit
Quldguid letet, avparetit
Nil ipultum remanevit

ئىبلىس

ئەھلى جامائەت
ئۆرىدى سەندىن
تامام يۈزىنى.
قىلىشار ھەزەر
سۇنماقتا ساڭا
ياردەم قولىنى.

خور

Quid sim miser tunc dicturus?
Quem patronum rodaturus?
Cum vix Justus sit securus.

گرېتخېن

ئادا بولدۇم تۈگىشىپ تامام،
قېنى سىزنىڭ شىشىڭىز قوشنام؟

(بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ)

## ۋالپۇرگىيا كېچىسى

شىركې ۋە ئەلېند قىشلاقلىرى يېنىدىكى گارس تاغلىرى

**فائۇست ۋە مېفىستافېل**

**مېفىستافېل**

مىنىۋالاتتىڭمۇ سۇپۇرگە بولسا،
مەن جان دەپ مىنەتتىم ئۆچكىگە ھازىر.
چارچىدۇق مەنزىلگە تېخى خېلى بار.

**فائۇست**

ئۇنچىلىك تالمىدى تېخى بۇ ئاياغ،
يولنى يەڭگىللىتەر قولدىكى تاياق.
قىسقارتىش بۇ يولنى نە ھاجەت، ئاخىر —
سەيياھقا زوق بېرەر يۈرۈشنىڭ ئۆزى.
نە پايدا يولىدىن بەھر ئالمىسا كۆزى.

ماڭا يول تۈيۈلماس ئۈنچىلىك ئېغىر —
چوققىغا ئىنتىلسەم قىيالار ئېشىپ،
جىلغىلار كۆيىگە قۇلاق سالسام جىسىم...
مەن ئويلاپ شۇلارنى زوق بىلەن تېشىپ،
قولۇمغا تاياق ئېپ پىيادە چىقتىم.
قېيىنلار بىخ سۈردى — جانلاندى ئالەم
كۆكسىنى كەرمەكتە قارىياغاچ ھەم،
ۋە لېكىن بېرەلمەس بىزگە كۈچ كۆكلەم.

## مېفىستافېل

ياق مېنىڭ كۆڭلۈم ئاياز مۇجەسسەم،
بېغىشلار ماڭا زوق سوغۇق ۋە بوران،
ئاياز ئىزغىرىندىن ئارام تاپار جان.
ئەسىر بوپ قاپقارا تۇمان ر ئىچرە
مەيۈس نۇر تارتتار يېرىم ئاي خىرە.
ھەممە ياق قاراڭغۇ، بۇندا ھەر قەدەم
مۇمكىندۇر دۈچ كەلمەك بىرەر پالاكەت.
قاچۇرۇپ بېشىڭنى ئوردۋالساڭ ھەم،
ئايىغىڭ ئىلىشسا يىلتىزمۇ ئاپەت.
مەن ھازىر چارلايمەن، سورايمەن ياردەم —
بەرگۈسى سەرگەردان شوئىللار مەدەت.
بۇنىڭدىكى يوللارنى ئۇ بىلەر پەقەت.
ھە، ئەنە ئۆزىمۇ بوپ قالدى پەيدا.
ھەي دوستۇم، بىكارغا تاراتماي زىيا،
بىزلەرگە ھەمراھ بول — كۆرسەت بىزگە يول،
نۇرۇڭنى چېچىپ تۇر يولىمىزغا مول.

### سەرگەردان شوئلە

ئادىتىم ئەمەستۇر تۈپتۈزلا يۈرمەك.
ئاشۇنداق ياراتقان مېنى خۇدايىم،
ئەگرى سىزدىق بولۇپ ماڭىمەن دائىم.

### مېفىستافېل

ئادەمزاتقا تەقلىد قىلارسەن دېمەك!
شەيتان نامى بىلەن بۇيرۇيمەن ساڭا.
يول بويلاپ نۇر چاچقىن، يول باشلا ماڭا!
بولمىسا ئۇچۇرۇپ تاشلىشىم مۇمكىن.

### سەرگەردان شوئلە

دېمەك، سىز بۇ يەردە كاتتا خوجايىن!
سۆزسىز بويسۇنىمەن ئەلۋەتتە سىزگە.
دائىما تەييارمەن خىزمىتىڭىزگە.
ئەمما يۈكسەك تاغنىڭ ئۆزى ھەم بۈگۈن،
سېھىرنىڭ ئىلكىدە ئاستىنۇ ئۈستۈن.
شۇ سەۋەب مەن خىزمەت قىلسامۇ دادىل،
شۇ سەۋەب سىزمۇ ھەم بولارسىز ئادىل.

فائۇست، مېفىستافېل، سەرگەردان شوئلە نۆۋەت
بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ.

### فائۇست

كەلدۇق سىھىر ئالىمىگە دۇچ،
باشلا بىزنى شوئىلە سەرگەردان.
بولىمىزغا چاچقىن نۇرۇڭنى
يېتەكلىگىن شۇ چوققا تامان.

### سەرگەردان شوئىلە

ئىككى ياندا پايانسىز ئورمان
ئېلىپ ئۇچۇپ بارىدۇ، ئەجەب.
بىر - بىرىنىڭ ئۇستىدىن سەكرەپ،
تاشلاپ باراقسان قەددى سايىلار.
تــەۋرەنمەكتە ھەيۋەت قىيالار.

### فائۇست

تاشتىن تاشقا سەكرىگەن بۇلاق
قوشىقىغا سالىمەن قۇلاق.
نېمە كۈي ئۇ — ئىشتىمەن جىم،
ئۇ نېمىنى كۈيلەر بىلمىسىم؟
ئۇنۇتۇلغان سۆيگۈ كۈيىمۇ،
يا بىنەسىپ ۋىسال ئويىمۇ؟
بەلكى ئىزگۈ شادلىق ئارزۇسى،
ياكى سۇنغان ئۈمىد قايغۇسى؟
تارىلىدۇ سىرلىق ئەكس سادا —
ئۆتكەن ياشلىق ھال - مۇڭى گويا.

## مېفىستافىل

ۋادىلاردا بىھېساب قۇشلار
قوشاق ئېيتىپ كۆڭلىنى خۇشلار.
ئاڭلىنىدۇ يىراقتىن كۈلكە،
قەھ - قەھ ئۇرۇپ شادلىنار ئۇكە.
ئاي نۇرىدا نەقەدەر كۆركەم —
يايرىماقتا ئاددىي تاشمۇ ھەم.
بۇ يىلتىزلار خادىلار ئارا
ياتقان يوغان يىلانلار گويا.
يېمەك ئۈچۈن سالىدۇ ھەيۋە
قارىغايلار بولۇپ زور دىۋە.
بۇ زىمىستان ئورمان يوللىرى،
خۇددى چوك بىر مەخلۇق قوللىرى.
بۇندا چاشقان، قېيىن، شەپەرەك،
كاۋاكلارنى ئىگىلىگەن تەلك.
مىلىيون يۇلتۇز كەبى يالتىراق
شىلىق قۇرتلار كۆپتۇر — بىساناق،
جىلۋە قىلار تارقىتىپ زىيا —
شوئىلىلەرنىڭ ئويۇنى گويا.

## فائۇست

قاراڭلارچۇ سەپسىلىپ سىزلەر:
جايىمىزدا تۇرۇپتۇق بىزلەر.
يۈرمەكتىدۇر ئورمانلار، تاغلار،

ئۆتمەكچىدەك گويا ھۇجۇمغا.
دەھشەت سېلىپ قىيا تۇرۇپتۇ.
ئازغان نۇرلار كېزىپ يۈرۈپتۇ.

مېفىستافېل

(فائۇستقا)

ئېتىكىمنى تۇتقىن مەھكەمرەك،
قارا، تاغلار باغرىدا، پەستە —
نۇر تارىتىپ ھەريان مەممان شاھ،
كۆك يۈزىنى ئەيلەپ يالتىراق،
چىقماقتىدۇر تەختىگە ئاستا.

فائۇست

ئاھ، نەقەدەر، نەقەدەر كۆركەم
بۇندا قىزغۇچ شەپەق جىلۋىسى.
ئېدىرلارغا، جىلغىلارغا ھەم
يېيىپ بارار ئۇنىڭ زىياسى.
بىر تەرەپتە كۆكۈش رەڭ تۇمان،
بىر تەرەپتە قاپقارا تۈتۈن، —
ئېتىلماقتا گويا ۋولقان
چۇلغىغۇدەك ئالەمنى پۈتۈن.
بۇندا شەپەقە، كۆككە تەلپۈنەر.
نەپىسىدىن ئوت چېچىپ گويا.
زۇلمەت بىلەن كۆرۈشمەكتە نۇر،

يول ئاچماقتا بۇلۇتلار ئارا.
بۇندا سانسىز ۋە بىنهايە
ئۈچۈپ يۈرەر ئالتۇن زەررىلەر،
ئويغانماقتا تاغلار، ۋادىلار
شوئلىلەردە يانماقتا قىيا.

### مېفىستافېل

بىراق مەممان شۇنداق كۈنلەردە
ئۆز قەسرىنى يورۇتماس ھامان.
بۇ تەشرىپىڭ بولدى بەك بەلەن
ئەنە كېلەر بىر تالاي مېهمان.

### فائۇست

چىقتى بوران توزان كۆتۈرۈپ.
كەتمەس مېنى خەستەك ئۈچۈرۈپ؟

### مېفىستافېل

قىيا تاشنى ئالغىن قۇچاقلاپ،
مۇمكىن پەسكە چۈشۈشۈڭ غۇلاپ.
تۇمانلارغا چۆلغاندى ئاسمان،
بوران بىلەن ئويغاندى ئورمان.
بۇ — بەزمىنىڭ شەپىسى، پەقەت،
قۇشلار ئۈچۈن دەھشەتلىك ئاپەت.
دەرەخلەرنى تاشلايدۇ يۇلۇپ،

گۈزەل ئورمان كوركىنى بۇزۇپ.
ئۇچۇۋاتقان قېيىنلارنى كۆر،
غۇلاۋاتقان بىنالارغا باق.
ھە، بەزمىنىڭ دەھشىتىمۇ زور
لەززىتىمۇ ئالەمچە بىراق.
ئەنە يېتىپ كەلمەكتە ئاستا
ئالەمچە زور شادلىق ئىلكىدە.
ئەنە، بايرام ئەھلى تاغ ئارا،
ياڭراتماقتا بىرلىكتە ناخشا.

## ئالۋاستىلار ناخشىسى

ھەممە يۈرسۇن براكېن تامان!
ئارپا، بۇغداي پىشمىغان ھامان.
شاھ ئورىئان كۆتۈرگەنچە قول،
كۆرسەتمەكتە يۈكسەكلىككە يول.
ئالۋاستىلار سۈپۈرگە مىندى،
جىنلار بەزمى باشلىنار ئەمدى.

## ئاۋاز

بائۇبا كەمپىر تاغى ئەزىمگە
توڭگۇز مىنىپ بارار بەزمىگە.

## كۆپچىلىك

شۇم كەمپىرگە بولسۇن شەرەپشان!
توڭگۇزغىمۇ ئالقىش، بىگۇمان!

يول باشلىسۇن بائۇبا ئەمما،
ئالغا يۈرسۇن كەينىدىن ھەممە!

ئاۋاز

سەن قەيەردىن؟

ئاۋاز

ئىلزىنىشتېيندىن.
يۈرۈپ كەلدىم ئورمان ئىچىدىن.
باي ئوغلىنىڭ كۆردۈم ئۆزىنى،
ئالايتتى ئۇ ماڭا كۆزىنى.

ئاۋاز

ھەي، ھاڭۋاقما، يول بوشات، قېنى!

ئاۋاز

ھەي، سەن ئاشۇ ... ئالدىرىما سېنى ...
تاتىلىۋالدىڭ تېنىمنى، قارا
ھەممە يېرىم تىرناقتىن يارا.

ئالۋاستىلار

تاكاللاشماي ئالدىڭغا مېڭىش.
قىينىماقتا بىر ياقتىن ھېرىش.



هەي، قارنىمدىن بارمىقىڭنى ئال
بولدى مېنىڭ بالامغا ئۇۋال.

ياللاۋۇزلار

(بىرىمى)

ئەرلەر ئاستا ماڭار نېمانچە؟
چاپار نېچۈن خوتۇنلار شۇنچە؟
نەدە بولسا قىيامەت، بالا —
خوتۇن زاتى ھامان ئالدىدا.

ياللاۋۇزلار

(باشقا بىرىمى)

بولمىغان گەپ، بۇ يولدا ئايال
كەتسە ئەردىن مىڭ قەدەم ئاۋۋال.
ئەركەك نېچۈن ئارتتا قالدۇ؟
ئىككى سەكرەپ يېتىشۋالدۇ.

ئاۋاز

(يۇقىرىدىن)

تۇرغاش پەستە، قېنى بۇياققا!

ئاۋاز

(پەستىن)

بىزمۇ ھازىر چىقىمىز تاغقا.
قويماقتىمىز ئۈستىمىزدىن سۇ،
ئادا قىلدى پۈشتىمىزدىن سۇ.

يالماۋۇزلار

(ھەممىسى)

بوران تىندى، يۇلتۇزلار خىرە،
مۆكۈنمەكتە ئاي بۇلۇت ئىچىرە.
كائىناتنى قۇچتى قارا تۈن،
ئۇچماقتىمىز بىز چىچىپ ئۇچقۇن.

ئاۋاز

(پەستىن)

توختا، توختا!

ئاۋاز

(يۇقىرىدىن)

كىم ئۇ جىلغىدا ياتقان،
كىم ئۇ مېنى چاقىردۇاتقان؟

## ئاۋاز

(پەستىن)

مەن بۇ يەردە — بىرىڭلار ياردەم،
ئەكتىڭلار يولغا مىنى ھەم.
مەن بولسام ئۈچ ئەسىردىن بۇيان،
قوشۇلالماي توپىمغا سەرسان.

## يالماۋۇزلار

(ھەممىسى)

ئۆچكىگە مىن، سۇپۇرگىگە مىن،
ئارىغا مىن. — يول بولار يېقىن.
ئەگەر بۈگۈن چىقمىساڭ، ئىشەن،
بولماس ئۆزگە چىقماققا ئىمكان.

## يېرىم ئالۋاستى

(پەسكە)

ئۇرۇنىمەن سەھەردىن بۇيان
يېتەلمەيمەن ئۇلارغا ھامان.
چىققانىدىم ئۆيدىن مىڭ تەستە،
بۇ سەپەرمۇ چۇشمەكتە تەسكە.

## ئالۋاستىلار

(ھەممىسى)

بەدەنگە ماي سۈرتۈش ياخشىكەن،
لاتىا - پۈتا — بىزلەرگە يەلكەن.
تاغ ئارا ھەم كېمە بىز ئۇچۇن،
ھېچ ئۇچالماس ئۇچمىغان بۈگۈن.

## يالماۋۇزلار

(ھەممىسى)

ئاۋۋال ئۇچار چوققىغا قاراپ،
ئاندىن پەسكە چۈشۈر قايتىلاپ.

(يەرگە قونۇشىدۇ)

## مېفىستافېل

باق، ئۇلار نەقەدەر خۇنۇك بەشىرە
تولۇلىشار باقماستىن بىرى بىرىگە.
چېپىشار تۈرتۈشۈپ بىرىنى بىرى،
بۇ غەلۋە ئۇلارنىڭ شادلىق مەركىسى.

بېرىۋالى كەل قېنى، سۇنغىن قولۇڭنى،
ئۇر ـ سۇردە يوقىتىپ قويما يولۇڭنى.
قېنى سەن؟

فائۇست

مانا مەن!

مېفىستافېل

تەستە تاپتىم، بەس ـــ
ئەمدى خوجايىنلىق قىلمىسام بولماس.
پوش ـ پوش! ئەي، ئالامان شەيتانغا يول بەر.
دوكتور، كەل بۇياققا، تېز ماڭا قول بەر.
ئېھتىيات قىلايلى قوۋۇرغىمىزنى،
قىلمايدۇ ھېچ ئىززەت بۇ خەقلەر بىزنى.
توپىلاڭ ئىچىدىن كېتەيلى چىقىپ،
ئايەردە، بىر چىراغ تۇرۇپتۇ يېنىپ،
ئۇ يەرگە يېتەيلۇق، توختىماي ئارتۇق،
مايسىلار ئۈستىدە ئالايلى ھاردۇق.

فائۇست

ئەجەبا، چۈشىنىپ بولمايدۇ سېنى،
ھەۋسىڭ تامامەن بىر ـ بىرىگە زىت.
جىنلار بەزمىسىگە باشلىدىڭ مېنى،
تارتىسەن نېمىشقا ئەمدى چەتكە؟ ئېيت!

### مېفىستافىل

بىز يالغۇز بولمايمىز، ئۇ يەردىمۇ ھەم —
چىراغلار كۆپىيىپ بارماقتا ھامان
سورۇن تۈزۈشمەكتە دېمەك كۆپ مېھمان.

### فائۇست

ئارزۇيۇم، ئەنە شۇ چوققىغا چىقسام!
يىغىلغان شەيتانلار ئۇ يەرگە پۈتۈن
بارچە ئالۋاستىيۇ جىنلار ئۇندا جەم،
ئەنە، ئوت يېقىلدى، چىقماقتا تۈتۈن.
شۇ سىرلىق سورۇندا بەلكى مۇشۇ دەم
يېشىلەر تالايلاپ مۇرەككەپ تۈگۈن.

### مېفىستافىل

تۈگۈن يېشىلگىنى بىلەن تۈگىمەس،
بولىدۇ كەينىدىن يېڭىسى پەيدا.
قىلسامۇ بەھىسكە ھەر قاچان ھەۋەس،
كاتتا سورۇنلارغا خۇشتۇم يوق ئەسلا.
ھەر ۋاقىت شۇندىقتۇر، شەك يوق ئەلۋەتتە.
كىچىككىنە چوڭ بولماس ئەزەل - ئەبەتتە.
ھە، ياش ئالۋاستىلار بولدى يالىڭاچ.
قىرىلار يېپىنچا تۇتۇپ تۇرماقتا.
بۇندا كۆپ خانىملار سۆھبەت قۇرماقتا،

بۇ يەردە ئادەت شۇ — ئوچۇق پاراڭلاش.
ئۈنچىلىك قىيىن ئىش ئەمەس بۇ ئەمما،
ئايىغى تۈگىمەس ئىشرەتتۇ ساپا.
ياڭراشقا باشلىدى ئەنە، چالغۇلار —
نەقەدەر بىمەنى چىرىلداق ئاۋاز.
ھە، مەيلى چېلىنسۇن مەيلىچە ئۇلار،
تاماشا قىلايلى ئايلىنىپ بىرئاز.
بۇ يەردىن ئەتراپقا تاشلىغىن نەزەر،
بۇندىكى مەنزىرە گۈزەل نەقەدەر.
نۇرلانغان مەشئەلدىن براكېن تېغى،
ئۇندىكى گۈلخاننىڭ يوقتۇر سانىقى.
ئەنە كەيپۇ ساپا، ئىشرەت، ھاياجان،
ئەنە ئويۇن، كۈلكە، شادلىق ۋە چۇقان.
كەزسەڭمۇ جاھاننى ئېشىپ دەريا - تاغ،
تېپىشىڭ تەس بۇنداق ئويۇننى ھەرچاغ.

**فائۇست**

سەن قانداق ھالەتتە بولسەن پەيدا؟
جىن - شەيتان بولامسەن، يالماۋۇزمۇ يا؟

**مېفىستافىل**

ئاشكارا قىلماستىن ئۆزۈمنى ھامان،
خالايمەن يۈرمەكنى ھەرقاچان پىنھان.
بايقىساڭ بۇ يەرنىڭ شەيتانلىرىنى،
تاقىنىشىپ يۈرۈشەر نىشانلىرىنى.

ئەڭ ئالىي نىشانەم — بېغىشچېغىم يوق،
تۈيغۇم زور ئابروي، شۇڭا كۆڭلۈم توق.
ئەنە، كۆر، شىللىق قۇرت تونۇدى مېنى،
شۇ سەۋەب ئۆزىنى قىلدى ئۇ نىھان.
بۇ يەردە يوشۇرۇپ بولار نېمىنى؟
ھەممىنىڭ تۇرمۇشى ھەممىگە ئايان.
قېنى، يۈر، ئايلىنىپ بىر قىلايلى ئوۋ،
مەن ئەلچى بولارمەن، سەن بولساڭ كۈيوۋ.

(ئۆچۈۋاتقان گۈلخان ئەتراپىدا يىغىلغان
قېرىلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ)

بىر چەتتە نېمىشقا تۇرۇپ قالدىڭلار،
بېرىڭلار ياشلارنىڭ توپىغا يېقىن.
ھاياتقا قوشۇلۇپ خۇشال ئويناڭلار،
بۇ ھالدا ئۆيدىمۇ ئولتۇرۇش مۇمكىن.

لەشكەر بېشى

مىللەتتىن ياخشىلىق كۆرمىدىم ئەسلا،
قىلسامۇ جېنىمنى مىڭ مەرتە پىدا.
خالايىق خوتۇنلار كەبى بىۋاپا،
ئاغىدۇ ياشلارغا قاراپ دائىما.

ۋەزىر

زامان ئۆتۈپ كەتتى قالدۇرۇپ داغدا
ئاشۇ خاتىرىلەر كۆڭلۈمدە ھامان.

بىزلەر ھۆكۈمەتنى باشقۇرغان چاغدا
ئالتۇن زامان ئىدى، ھە ئالتۇن زامان.

### ھۆددىگەر

تەنتەكلىك قىلمىغان بىزمۇ ھېچقاچان،
كۆپ ھايان قىلغانغا سالاتتۇق شىتراپ.
مانا، ئاستىن - ئۈستۈن بولدىيۇ جاھان
بازىرىمىز كاسات، ھالىمىز خاراب.

### مۇئەللىپ

نە ھاجەت بۇ كۈندە كىتابلار يازماق،
بەرىبىر ئوقۇماس ھېچكىم بىگۇمان.
ياشلار ھېچ نەرسىنى تەن ئالماس، بۇنداق
قەيسەر بولغان ئەمەس ئۇلار ھېچقاچان.

### مېفىستافېل

(دەرھال بوۋاي قىياپىتىگە كىرىدۇ)

ئەجەبا، بۇ ياشلار نەگە ئىنتىلەر؟
ئۇلارغا ئېچىنىپ قارايمەن دائىم.
ئاخىر زاماننىڭ شەپىسى كېلەر،
يېقىنغا ئوخشايدۇ قىيامەت قايىم.

### لاتىپۇرۇش ئالۋاستى

ھە، كېلىڭلار بۇ ياققا.
تېز كېلىڭلار، ۋاقتىم ئاز.

كۆز سېلىڭلار ماللارغا.
قانداق ئەرزان، قانداق ساز!
تەرتىپ بىلەن تىزىلغان،
بىر - بىرىدىن ئەمەس كەم.
بۇلار بەرى كەلتۈرگەن،
ئادەمزاتقا كۈلپەت، غەم.
كېلىڭ چاپسان، خېرىدار،
بىلىپ قويۇڭ، ئالەمدە —
تېپىلمايدۇ ھېچ بازار
بۇ بازاردىن زىيادە.
مانا قىلىچ، بىسىدا
قارا قاننىڭ ئىزى بار.
مانا كاسە! تېگىدە
نەق ئۇغىنىڭ ئۆزى بار.
مانا بۇندا زەر، ئۈنچە،
بۇ، مۇھەببەت سوۋغىسى.
جۇدا قىلغان توپ قىزنى،
بولۇپ نومۇس ئوغىسى.
مانا خەنجەر، رەتلىنىپ —
قاتار - قاتار قويۇلغان.
بۇلار بەرى ئىنساننىڭ
كۆكرىكىگە ئۇرۇلغان.

**مېفىستافېل**

نېمىلەرنى سالدىڭ بازارغا؟
يېڭى نەرسەڭ يوقمۇ ھېچقاچان؟

ئالماس بۇنى بەرسەڭ بىكارغا،
ئاخىر بۇگۈن باشقىچە جاھان.

فائۇست

قانداقلارچە بازار بولدى بۇ؟
ئەقلىم ئاڭا ھەيران قالدىغۇ!

مېفىستافېل

ئىنتىلمەكتە چوققىغا ھەممە،
جىرالاردىن چىقىشىپ، ئەنە.

فائۇست

كىم ئۇ؟

مېفىستافېل

لىلىت.

فائۇست

ئىسمى بىھاجەت،
ئەمەلىنى ئېيتقىن سەن پەقەت.

مېفىستافېل

بولغان ئادەم ئاتىغا لىلىت —
تۇنجى خوتۇن شۇ ئەينى ۋاقىت.

ئۇنىڭ تەنھا يارىشىقى چاچ،
سەن ئۇ چاچقا يېقىن كەلمە، قاچ.
كىمنى ئەسىر قىلسا ئۇ توزاق،
قۇتۇلالماس ئۇنىڭدىن ھېچقاچاق.

**فائۇست**

ھە، ئۇ يەردە ياش قىز ۋە كەمپىر
چارچاپ ئۇسسۇلدىن، ئالماقتا ھاردۇق.

**مېفىستافېل**

ھاردۇققا زادىلا پۇرسەت يوق ھازىر،
قېنى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدۇق.

**فائۇست**

(قىز بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ)

مەن بۇ كېچە شېرىن چۈش كۆردۇم،
چۈشتە ئالمىلىق بىر باغقا كىردىم.
كۆردۇم شاختا قىزىل ئالمىنى،
ئۇ دەر ئىدى ئۈزۈۋال مېنى.

**گۈزەل قىز**

ئالما ئۈزۈش ھەۋەس ئەلۋەتتە،
ئۈگەنگەنسىز بۇنى جەننەتتە.

تەكلىپ قىلسام قىلامسىز تەشرىپ،
قالدى بىزنىڭ ئالمىمىز پىشىپ.

**مېفىستافېل**

(كەمپىر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ)

مەن چۈشۈمدە بىر تېرەك كۆردۈم،
كاۋاك ئىكەن ئۇتتۇرى بىراق.
خۇنۇك، ئەمما بىلمەيمەن نېچۈن —
يېقىپ قالدى ماڭا شۇ كاۋاك.

**كەمپىر**

مەرھەمەتلىك تۇياقلىق جاناب!
سىزگە بىزدىن بولسۇن شۇ جاۋاب:
تەزدم بولسۇن ئىززىتىڭىزگە،
كاۋاك تەييار خىزمىتىڭىزگە.

**پراكتافانتاسمىست**

بەس، توختاڭ، بۇ نېمىدېگەن گەپ!
بولماس روھتا ھەرگىزمۇ پۇت - قول.
شۇنداق ئىكەن، ئادەمگە ئوخشاپ،
مۇمكىن ئەمەس ئوينىماق ئۇسسۇل.

# گۈزەل قىز

(ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ)

نېمە قىلار ئۇ بۇ بەزمىدە؟

**فائۇست**

ئېھى قارا ئۇچىلۇق ئەسلىدە!
تەنتەكلىكى ئايان ھەممىگە.
نېملىكى بولسا ئالەمدە،
ئۇنكار قىلار ھەممىنى ھاماڭ،
ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ياماڭ.
كىمكى ماڭسا ئالدىغا قاراپ،
ئۇ ئەلۋەتتە ئۇتۇلىدۇ قاغاپ.
كىمكى تۇرسا بىر جايدا توختاپ،
ئالغا باسماي ئۇنىڭغا ئوخشاپ،
ۋە كىم ئۇنى ماختاپ سالسام جار،
ئاشۇ ئاڭا ئەلۋەتتە ياقار.

**پراكتافانتاسمىست**

بەنە سىلەر بۇ يەردىمۇ؟ ۋاھ!
كەتمەيسىلەر قىلساممۇ پەرمان.
تەبدىتىكتە يوق روھۇ ئەرۋاھ،
بۇنى ئاخىر مەن ئىسپات قىلغان.
ئەمما سىلەر نېچۈن دائىما
بولىسىلەر تېگىدە پەيدا؟

گۈزەل قىز

بەس قىل ئەمدى، تەگدىغۇ جانغا!

پراكتىا فانتاسىمىست

بارچە ئەرۋاھ جىنۇ شەيتانغا
ئۇچۇق ئېيتاي، بۇ ئەلەمگە ھېچ
چىدالمايمەن، روھ بەرمەس بەرداش.

(ئۇسسۇل داۋام قىلىدۇ)

ئەمما بىر كۈن بۇرۇنمۇ يا كەچ
بىزلەر يەنە بولارمىز يولداش.
شۇندا شائىر ئەھلى ۋە شەيتان
كۆرمەس مەندىن ياخشى كۈن ھامان.

مېفىستافېل

ئۇ كۆلچەككە قويار كەيننى
قىلماق ئۈچۈن دەردىنى يېنىك.
شەپىلەردىن قۇتقۇزار ئۇنى
ئارقىسىغا قويۇلغان زۈلۈك.

(ئۇسسۇلدىن توختىغان فائۇستقا)

نېمە بولدۇڭ؟ گۈزەللىك قېنى؟
قېنى سېنى رام قىلغان جانان؟

**فائۇست**

لەۋ ئاچقاندا ناخشا ئېيتقىلى،
چىقىپ قاچتى، لال قىلىپ مېنى،
تىلى تېگمەستىن قىپقىزىل چاشقان.

**مېفىستافېل**

نېمە بوپتۇ؟ شۇ گەپمۇ ئەمدى؟
چاشقان كۆل رەڭ بولمىسا بولدى.
تاللاش كەتمەس ئىشىق ـ ھەۋەستە.

**فائۇست**

ئەنە...

**مېفىستافېل**

نېمە؟

**فائۇست**

ماڭا كۆرۈندى
ئاۋۇ يەردە بىر گۈزەل قامەت،

باق، مېفىستا، كۆزۈم شۇندىلا.
ئۇ تەسلىكتە قىلىدۇ ھەرىكەت،
ئاياغلىرى كىشەندە گويا.
ۋۇجۇدىدا مەسۇملۇك، قايغۇ،
گرېتخېننىڭ دەل ئۆزىلا ئۇ.

مېفىستافېل

قوي، قارىما، ئارتۇق ئاگا، بەس،
ئۇندىن قىلچە ياخشىلىق كەلمەس.
يىلان چاچلىق مەخلۇق ئەرۋاھى،
چۈشسە ئۇنىڭ سوغۇق نىگاھى —
تومۇرلاردا قېتىپ قالار قان،
قۇرام تاشقا ئايلىنار ئىنسان.
ئېغىز ئاچما، سۆزۈمگە كىر سەن.
مېدۇزىنى ئاڭلىغاندۇرسەن؟

فائۇست

مېھرىبان قول يېپىپ قويمىغان، —
ئۇچۇق قالغان نۇرسىز جۈپ كۆزى.
ئۇ ئاخىرمەن قۇچۇپ تويمىغان —
مەسۇمە قىز گرېتخېن ئۆزى.

مېفىستافېل

سېھىرلىنىپ قالدىڭ ئاخىرى
كۆرۈنەر ئۇندا ھەممىنىڭ يارى.

### فائۇست

شورلۇق باقار مەيۇس ۋە تەنها،
ئۈزەلمەيمەن كۆزۈمنى ئەسلا.
نېمە ئازاب تارتقاندۇ ئۇ قىز؟
قارا، ئۇنىڭ ئاپ-ئاق بويىندا.
كېسىلگەندەك پىچاق بىسىدا
كۆرۈنمەكتە قىپقىزىل بىر ئىز.

### مېفىستافېل

ھەيران بولما، سەن كۆرگەن سىزىق
پېرسېي ئۇرغان قىلىچنىڭ ئىزى.
ئۇنىڭ بويىنى ئۈزۈك، شۇ سەۋەب،
يۈرەر بېشىنى قولتۇقلاپ بەزى.
كۆپ ئويلىما، ئۇ تەرەپكە باق،
ئۇندا بەزمە قىزىدى شۇنداق،
يايلاق بۈگۈن خۇددى پىراتېر.
بەلكى بۇندا بىرەر تىياتىر
ئوينالمىقى ئېھتىمال ئاخىر!
ھەي نېمە گەپ؟
Servibilis
(خىزمەتكار)
باشلىنار ھازىر
تاماشىنىڭ يېڭىسى يانا.
يەتتىنچى رەت مەۋسۇمدە مانا

خۇشال داۋام قىلار تىياتىر.
مۇئەللىپىنىڭ ئۆزى ھەۋەسكار،
ھەۋەسكارلار قىلىشار ئىجرا.
خىزمەتچىلەر گۇرۇھى ئارا —
بىر ھەۋەسكار — كەمىنە ھەم بار.
كۆتۈرمىگۈم كىرەك پەردىنى
كەلتىم، مانا، كەچۈرگىن مېنى.

**مېفىستافېل**

بىراكىنتكە قاراپ چىپىپسىز،
جايىڭىزنى ئەمدى تېپىپسىز.

## ۋالپۇرگىيە كېچىسىدىكى چۈش ياكى ئابېران ۋە تىتانىيانىڭ ئالتۇن تويى ئىنتېرمېدىيا

**تىياتىر باشلىقى**

ئەي سىز، مىدىڭ ئەۋلادى،
بايرام سىزگە خۇشاللىق.
سەھنىمىزدە تاغ - ۋادا،
چاچقاي شوئلە جۇلالىق.

**گېرالد**

ئالتۇن توي دەپ ئاتايمىز،
ئەللىك يىللىق تۇرمۇشنى.

تۇرمۇش ئۆزى ئالتۇندۇر،
ئۆتسە بىلمەي ئۇرۇشنى.

ئابىران

گۇۋاھ بولسۇن بۇ چاغلار
مەلەكلەر قېنى!
سۆيگۈ رىشتىسى باغلار
شاھ، مەلىكىنى.

پوك

پوك كەلمەكتە شاد - خۇرام
قايتىپ بەزمىدىن.
مىڭلارچە جىن كەلمەكتە،
ئۇنىڭ كەينىدىن.

ئەرىئەل

ئەرىئەل نەي چالغاندا،
تىڭشايدۇ ئالەم.
كۆيگە خۇشتار گۈزەللەر،—
بىداۋالار ھەم.

ئابىران

ياشالڭ دىسەڭ بەختىيار،
كۆلپەتتىن يىراق.

ۋىسال تاپقىن ۋاقتىدا،
ۋاقتىدا يىراق.

## تىتانىيە

ئايال كوت - كوت، ئەر تەرسا
بولسا مۇبادا.
بىرى تۇرسۇن جەنۇبتا،
بىرى شىمالدا.

## ئوركېستىر

ئالەم ئارا بۇنىڭدەك
چالغۇ يوقتۇر ساز.
پاشا، چىۋىن، قۇر پاقا—
بەرى جور ئاۋاز.

## يەككە خان

قارلىڭ قوشنا چىبىنغا،
كۆپۈكتۇر يۈزى.
بۇ يەردە ئۇ مەشھۇر زالىڭ،
تەنتەك ھەم ئۆزى.

## شەكىلگە كىرمىگەن جىن

سال ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىنى
ئېلىپ پاقىغا.

پەيدا بولار ئارىدىن،
شىر يا ئەجدىھا.

## ئاشىق ـ مەشۇق

سەكرەپ ـ سەكرەپ ئويناپمىز
قىلىمىز ساپا.
ئۇچۇشنىغۇ ئويلاپمىز
قانات يوق ئەمما.

## سىنچى سەييياھ

ئوكۇممۇ بۇ يا چۈشۈم،
مەن تېخى ھەيران.
بولدى پەيدا ئالدىمدا
بۈيۈك ئابىران!

## ئارتاداكس

شاخ، تۈيىقى يوق ئۇنىڭ،
ئەمما ئابىران —
يۇغان خۇدالىرىنىڭ
بەھەمەك شەيتان.

## شىماللىق رەسسام

سۈرىتىنى سىزارمەن
بۇ يەرنىڭ بۈگۈن.

مەن رومانى كېزەرمەن
پەيت كەلسە بىر كۈن.

## پورىست

سان ـ ساناقسىز بۇ يەردە
ئالۋاستى نەسلى.
ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپتۇ
يەقەت ئىككىسى.

## ياش ئالۋاستى

ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرىشەر
پەقەت قېرىلار.
قىپيالىڭاچ يۈرۈشەر
بىزدەك پەرىلەر.

## قېرى ئالۋاستى

بىر زامانلار بىزلەرمۇ
ياش ئىدۇق سىزدەك،
ۋاقىت ئۆتەر، سىزلەرمۇ
بولارسىز بىزدەك.

## كەپىلمىيستىر

ئۇچتى يالىڭاچ تەنگە
پاشىنىڭ بەرى.

پەرۋا قىلماس ئۇنىڭغا
كۆل پاقىلىرى.

## شامال كۆرسەتكۈچ

(بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ)

قانداق ئىسسىق سورۇن بۇ،
دىلنى شاد ئېتەر —
گۈزەل كېلىنچەكلەرۇ
قابىل يىگىتلەر.

## شامال كۆرسەتكۈچ

(باشقا ياققا بۇرۇلۇپ)

ھەي، بەرىنى يەر يۇتسۇن،
كۆرمىسۇن كۆزۈم.
بولمىسا دوزاخقا مەن
كىرەرمەن ئۆزۈم.

## كىيىنى

بىزلەر كەلدۇق بۇ يانغا —
ھاشارات ئەھلى.
پەدەرىمىز شەيتانغا
سالام بەرگىلى.

## گىيىننگس

قارالڭ، ئۇلار ئوينىشار
بولۇپ كېپىنەك.
بەلكى ئۇلار دېيىشەر
بار بىزدە يۈرەك.

## مۆزەگېت

ئىلھام ئاتالمىش پەرى،
مەندىن كۆپ يىراق.
شىمال ئالۋاستىلىرى
يېقىملىقراق.

## ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئەللامىسى

باردۇر كىمنىڭ ئەس - ھوشى
دەرگاھىدۇر كەڭ.
نېمىسنىڭ زور چوققىسى
براكېنگە تەڭ.

## سىنچى سەييياھ

ئاۋۇ جاناب تىرىكەر
قارالڭ يۈزىگە.
يەھۇدىيلار كۆرۈنەر
بەلكي كۆزىگە.

## تۇرنا

سۇزۇكمۇ يا لايمۇ سۇ
ئوۋلايمەن بىلىق.
سورىماڭ — شەيتانغا ئۇ
ئۆلپەتتۇر ئىنىق.

## رىند

ئۆزگىنى پەرىشتە بىلگەن،
يول تاپار ئاسان.
بىلسەم، براكىن ئىكەن
ئۇلارغا ماكان.

## ئۇسسۇلچى

كۆتۈرۈلدى توپىلاڭ،
مىسالى بوران.
ھە، بۇ پاتقاق قۇشلىرى
كۆتۈردى چۇقان.

## ئۇسسۇل ئۆگەتكۈچى

ھەممە تەييار ئۇسسۇلغا،
بىر ئايلانماقتا.
كىم قويۇپتۇ ئويۇننى
قارىغۇ، مايماقتا.

## غىجەكچى

قۇشناي تىنجىسا ئەگەر
بىر ئازلا بۇندا،
بىر - بىرىنى قىلىشار
بۇردا ۋە بۇردا.

## قىرائەتخان

تەسىر قىلماس تەنبىھمۇ،
بولسىلا شەيتان.
بىھاجەتتۇر بولمىقى
ئۇنىڭ بىگۇمان.

## ئىدېئالىست

ئەگەر بارلىق مەۋجۇدات
«مەن» دە بولسا جەم،
دېمەككى «مەن» دە بۇگۇن
ئىلىم، ھېكمەت كەم.

## رېئالىست

بۇ مەۋجۇت ئالەمگە مەن
كەلتۈردۇم ئىمان.
بۇگۈن ئاشۇ ئىماندىن
قالمىدي نىشان.

## سوپراناتۇرالىست

پەرەز مۇھىم ھەر ئىشتا؛
بولسا گەر غەرەز.
جىن روھىدىن پەرىشتە
ياسايدۇ پەرەز.

## سكېپتىك

ئىشەنچ ماڭا ھېچقاچان
بولمىغان يولداش.
«شەيتان» بىلەن «دەرگۇمان»
ھەردەم ئاھاڭداش.

## كەپلىمىستېر

چىكەتكىيۇ، قۇرپاقا
چالالمىدى ساز.
ئەي پاشىلار، سىلەردەك
چالغۇچى يوق ساز.

## ھۆددىگەرلەر

بىز ئۇزاققا بارىمىز،
يولىمىز بىلەن.
پۇتتا ئەمەس، ماڭىمىز
قولىمىز بىلەن.

## بوشاڭلار

يۇرۇشكەندى بىر چاغلار
بىزنىڭ ئىشىمىز.
بۈگۈن پۇل يوق — مۇتتەھەم
بارلىق ئىشىمىز.

## سەرگەردان شوئلە

يىراق پاتقاقلىق ئۈزرە
تۇغۇلدۇق، بىراق —
نەسلىمىز سىزدىن كۆرە
نەچچە ھەسسە پاك.

## ئۈچكەن يۇلتۇز

ئاسماندا نۇر چاچاتتىم،
چۈشتۈم تۇپراققا.
ياردەم بېرەر كىم ماڭا
كۆككە چىقماققا؟

## سېمىزلار

پوش، يول ئېچىلىڭ تېز، جاي كەم،
يول بەر تاغ، ئورمان.
بىز شەيتانىمىز — بولسىمۇ
پۈتمىز يوغان.

### خام سېمىز

ئەي، سىز قوپال، پىل بەدەن
جۈيلۈمەك ئارتۇق.
تېخى مەندەك زور، سېمىز
تۆرەلگىنى يوق.

### ئەرىئەل

مەن بىلەن ئۇچسۇن كىمنىڭ،
بولسا بال پەرى.
كۆلگە چۆمۈپ ياتقان كەڭ
ۋادىلار سىرى.

### ئوركېستر

ئۇپۇق ئاستا نۇرلىنار،
سۈزۈلەر ساما.
تۇمان ئاستا تارقىلار،
ئويغىنار سابا.

## ئوتتەك قىزىغان كۈن، يالاڭلىق

### فائۇست ۋە مېفىستافېل

### فائۇست

ئۇ تەنها بىچارە! ئىزتىراپ چەكمەكتە! تالاي قىيىن ـ قىس

تاقلاردا زارۇ سەرگەردان كېزىپ، قاراڭغۇ زىندان ئاسارىتىگە
چۈشتى. ئۇ ھەپسىدە. بىگۇناھ بىر ۋۇجۇت جىنايەتچىگە ئوخشاش
مىسلىسىز قىيىن ـ قىستاقلارغا مەھكۇم. مانا ئاقىۋەت! سەن بول-
ساڭ پەس ساتقىن، بۇنىڭغا يول قويدۇڭ. يەنە بۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى مەن ئارقىلىق بىجىردىڭ! ئەمدى يايرا، ھوزۇر قىل، بى-
نومۇس! ئىبلىسلارچە باقىدىغان كۆزلىرىڭنى ماڭا قارات! بۇ مەن-
پۇر ۋۇجۇدۇڭنى كۆرسىتىپ جېنىمنى ھەلقۇمىمگە كەلتۈر! تۇتقۇندا!
ئازاب ـ ئەلەمدە! ئىبلىسلار قولىدا ۋە رەزىل ئىنسانلار ھۆكمىدە!
شورلۇق بۇ ئوقۇبەت يالقۇنىدا يانار ئىكەن، سەن
مېنى بىمەنە سەرگۈزەشتىلىرىڭ بىلەن گول قىلدىڭ، ئۇنى ھا-
لاكەت قوينىدا بىنىجات قالدۇرۇپ، بۇ ھالنى مەندىن يوشۇردۇڭ.

مېفىستافىل

ئۇ بىرىنچى ئەمەس.

فائۇست

ئىت! مەنپۇر ھايۋان! ئەي ئىلاھى روھ! بۇ مەخلۇقنى ئۆز
ئەسلىگە قايتۇر! ئاشۇ مېنىڭ قارشىمدا كېچىلىرى سەكىلەپ
يۈرگەن، ئاداشقان يولۇچىلارنىڭ يەلكىسىگە ئېسىلىپ يىقىتىشقا
ئۆگەنگەن ئاشۇ ئىت شەكلىگە قايتۇر! ئاڭا ئۆزى سۆيگەن قىيا-
پىتىنى بەر، ئۇ مېنىڭ قارشىمدا قارنىنى يەرگە تىرەپ سورۇل-
سۇن ۋە مەن بۇ مەخلۇقنى دەسسەپ - چەيلەپ پۇخادىن چىقاي.
بۇنى قاراڭ! ئۇ بىرىنچى ئەمەس! بۇ سۆزلەر تەكتىدىكى ئوقۇ-
بەتكە ئىنسان قەلبى ھەرگىز چىداشلىق بېرەلمەيدۇ! بۇ كۆرگۈ-
لۈكلەر بىر ئەمەس، تالايلىغان مەسۇمەلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن-

لىكىدىن ئۆرتەنمەي بولامدۇ! ناھاتكى، بىرلا بىگۇناھنىڭ چەك-
كەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بۈيۈك ۋە مەڭگۈ رەھمان قېشىدا قال-
غان ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى ئەبەدىلئەبەدكە يۇيۇشقا يەتمەس.
مەن پەقەت بىرلا جانىنىڭ تارتقان ئازابىنى كۆرۈپ ئۆرتەنمەك-
تىمەن، سەن بولساڭ، مىڭلاپ - مىڭلاپ ئىزتىراپ مەھكۇملىرى-
نىڭ ھالىدىن شادىمانىسەن.

مېفىستافېل

يەنە بىزلەر دانىشمەنلىكىمىزنىڭ چېكىگە يەتتۇق. بۇ يەردە
ئەقىل تۈگەپ، غەزەپ باشلىنىدۇ. ئاخىر چىدىماس ئىكەنسەن،
بىز بىلەن ھەمراھ بولۇپ نېمە قىلاردىڭ. ئەجەبا، پەرۋاز قىلماق
بولسەنۇ بېشىڭنىڭ ئايلىنىشىدىن قورقىسەن. ئەسلى كىم كىمگە
يېپىشتى؟ بىز ساڭىمۇ، يا سەن بىزگە؟

فائۇست

ئاغزىڭنى يۇم! بۇ دەھشەتلىك ھىڭگاڭ چىشلىرىڭنى ماڭا
كۆرسەتمە! ئەي بۈيۈك ۋە پايانسىز روھ! سەن مېنى بىر رەت
كۆردۈڭ، قەلبىمگە قۇلاق سالدىڭ. نېمىشقا ئەمدى مېنى بۇ مەخ-
لۇق بىلەن، خىيالىدا پەقەت يامانلىقلا بولغان، ئۆزگىلەرنىڭ
غېمىدىن يايرايدىغان بۇ بىنومۇس بىلەن باغلىدىڭ؟

مېفىستافېل

كېپىنىڭ تۈگىدىمۇ؟

### فائۇست

ئۇنى قۇتۇلدۇر، بولمىسا ئامان تاپمايسەن! ياۋۇز بېشىڭغا مىڭ يىللار لەنەت تېشى ئېتىلۇر.

### مېفىستافېل

مەن قىساس كىشەنلىرىنى سۇندۇرالمايمەن، زىندان ئىشىكلىرىنى بۇزالمايمەن. «قۇتۇلدۇر!»، ئەجەبا، ئاخىر ئۇنى ھالاكەتكە دۇچار قىلغان كىم؟ مەنمۇ يا سەنمۇ؟

(فائۇست غەزەپ بىلەن ئەتراپقا قارايدۇ)

ھە، شۇ پەيت چاقماق قىلىچى قولۇڭدا بولسا، ياخشىكى سەن بۇنىڭغا قادىر ئەمەسسەن. ھە، گەپ قايتۇرغاننى يوق قىلىش زالىملارنىڭ ئەسلى ئادىتى!

### فائۇست

مېنى ھازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا يەتكۈز! ئۇ ئازاد بولۇشى كېرەك!

### مېفىستافېل

ئۆز جېنىڭنى خەۋپ ئاستىدا قالدۇرۇشتىن قورقمامسەن؟ ئاخىر بىز بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن قېچىپ كەلدۇق؟ شەھەردە سەن تۆككەن قاننىڭ ئىزى تېخى ئۆچكىنى يوق. ئۇ يەردە قىساس

مەلەكلىرى ئۇچۇپ يۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار قاتىلىنىڭ قايتىشىنى كۈتمەكتە.

### فائۇست

يەنە نېمە بىلجىرلايسەن؟ پەلەكنىڭ باغلىق غەزەپلەنەتلىرى سېنىڭ بېشىڭغا ياغسۇن! مېنى دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يەتكۈز، تېزرەك ئۇنى ئازاد قىل!

### مېفىستافىل

مەيلى، يەتكۈزەي. ئەمما يەرۇ ئاسماننىڭ ئىختىيارى مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس. بېجىرەلەيدىغان ئىشىم مانا بۇ: مەن ئىشىك ئالدىدىكى ساقچىنى ئۇخلىتىمەن. سەن ئاچقۇچلارنى ئوغرىلاپ، قىزنى ھەپسىدىن ئۆزۈڭ ئېلىپ چىقىسەن.

مەن تاشقىرىدا كۆزىتىپ تۇرىمەن. سېھىرلىك تۇلپارلار يېنىمدا تەق تۇرىدۇ. مەن سىلەرنى ئېلىپ قاچىمەن. بۇ ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

### فائۇست

تېز-بول، كەتتۇق!

## تۈن. دالا

(فائۇست ۋە مېفىستافىل ئىككى تۇلپاردا ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ)



فائۇست

نېچۈن ھەممە ئۇچار قاتىلگاھ تامان؟

مېفىستافېل

بىر سەۋەبى باردۇر بەلكىم ئۇنىڭمۇ ھامان.

فائۇست

ئۇچۇشماقتا گاھ ئۈيانغا، گاھىدا بۇيان.

مېفىستافېل

جادۇ ئىشى ھامان شۇنداق بولمىقى ئايان.

فائۇست

نېمە ھاسىل قىلار ئۇلار؟ بۇ نېمە ئادەت؟

مېفىستافېل

ئالغا، ئالغا! ماڭغىن قاراپ ئالدىڭغا پەقەت!

ھەپسە

فائۇست قولىدا بىر باغلام ئاچقۇچ تۇتقان ھالدا
ئىشىك ئالدىدا توختايدۇ

## فائۇست

ۋۇجۇدۇم ئەلەمدىن ئۆرتەنمەكتە، ۋاھ،
چەكسىز ئوقۇبەتتىن يۈرىكىم پارە.
مانا شۇ خانىدا مەسۇم بىگۇناھـ
ياتماقتا بەنت بولۇپ يالغۇز بىچارە.
نېچۈن جىم تۇرىسەن، تىترەيسەن نېچۈن؟
قورقامسەن، كۆزىگە تاشلاشتىن نەزەر؟
چاپسان بول! تېگىرقىما! ئۆتسە ئەگەر تۈن،
ئۇنىڭ ھاياتىغا يېتىدۇ خەتەر.

(قولۇپقا قول ئۇرۇلىدۇ)

### ئېچكىرىدىن ئاۋاز

مېنى چوڭ ئانام
بوش قويغانىدى.
ئادەمخور ئاتام
گۆشۈمنى يېدى.
تېنىمنى ئاپام
تۇپراققا كۆمدى.
كەلگەندە كۆكلەم
تاپارمەن ھايات.
ئۇچارمەن مەن ھەم
چىقىرىپ قانات.

فائۇست

(ئىشىكنى ئېچىپ)

سەزگىنى يوق بىچارە مېنىڭ
قۇلۇپ ئېچىپ كىرگەنلىكىمنى،
ھەمدە كىشەن ئۈنىگە قۇلاق —
سېلىپ بىردەم تۇرغانلىقىمنى.

(ئىچكىرى كىرىدۇ)

مارگارىتا

(پاخال ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ)

مېنى ئۆلتۈرگىلى كېلىشتى، ئەنە!

فائۇست

(پەس ئاۋازدا)

جىم بول، سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم.

مارگارىتا

(ئايىغىغا يىقىلىپ)

ئەي قاتىل، ئازغىنا سەۋر قىل يەنە!

فائۇست

يىغلىما، ساقچىنى ئويغىتىسەن، جىم.

(كىشەنلەرنى چېقىشقا ئىنتىلىدۇ)

## مارگارىتا

(تىز چۆكۈپ)

ئۆلتۈرمەككە مەن بىچارىنى
ھوقۇق بەردى جاللات، كىم ساڭا!
قوي، سۈرۈك بەر تاڭنىڭ نۇرىنى،
كۆرۈپ ئاندىن ئۆلمەككە ماڭا!
قارا مانا، يېرىم تۈن ھازىر،
ھۆكۈم تاڭدا قىلىنغاي ئىجرا.

(ئورنىدىن تۇرىدۇ)

بەكلا ياشمەن، ياشمەنغۇ ئاخىر،
بولماقتىمەن بىمەھەل ئادا.
گۈزەل ئىدىم غايەت بىر زامان،
ھۆسنۈم مىنى ئۆلتۈردى، ئايان.
يار يېنىمدا ئىدى ئۇ چاغدا،
ھازىر بولسا بەكمۇ يىراقتا.
مەن گۈل كەبى سۈلۈپ پىراقتا
بولارمەن خازان.
قاتتىق قىسما مىنى، شەپقەت قىل،
قىلغانىمدىم يامانلىق ساڭا؟
كۆرگىنىم شۇ سىنى، ئەي قاتىل،
نىجات بەر ماڭا.

## فائۇست

قانداق چىداي مەن بۇ ئەلەمگە؟

## مارگارىتا

مەيلى مېنى ئۆلتۈرگىن جاللات،
تەقدىرىم شۇ، قىلمايمەن پەرياد.
سۈت بېرىۋاللاي پەقەت بالامغا.
يالغۇزۇمنى قۇچاقلاپ بۇ تۈن
يىغلاپ چىقتىم ئۇ بىلەن پۈتۈن.
ئۇنى مەندىن تارتىۋېلىشتى،
مېنى چەكسىز دەردكە سېلىشتى.
ئەمدى بولسا قىلىشار تۆھمەت.
مېنى ئۇلار قاتىل دەپ بىلىشەر،
مەن توغرۇلۇق قوشاق كۈيلىشەر،
بۇ قانداق ئاپەت!

## فائۇست

(ئۇنىڭ قېشىدا تىز چۆكۈپ)

كەلدىم سېنى ئېلىپ كەتكىلى،
ۋىسال تاڭىدا ئازاد ئەتكىلى.

## مارگارىتا

(ئۇنىڭ يېنىدا تىز چۆكۈپ)

كەل، چۆكەيلى تىز

تۇرۇپ يانمۇ يان.
قول سوزايلۇق تېز
تەگرىمىز تامان.
كەلمەكتە يورۇپ،
زىنداننىڭ تېشى:
چاچملقتا يالقۇن
دوزاخ ئاتەشى.
ئەنە، تۇرىدۇ،
ئۇ يەردە ئىبلىس.
قەھ - قەھ ئۇرىدۇ،
دىلدا قورقۇنچ هېس.

**فائۇست**

(قاتتىق ئاۋازدا)

گرېتخېن! گرېتخېن!

**مارگارىتا**

يارنىڭ ئاۋازى!
ئۇ مېنى چاقىردى — مەن ئەمدى ئازاد!
(سەكرەپ تۇرىدۇ، كىشەنلەر تۆكۈلىدۇ)
قۇچقۇسى پەلەكنى ئەرك پەرۋازى،



تۆگەر ئىستىبدات!
بولمىغىم كېرەكتۇر ئۇنىڭغا ھەمدەم،
قۇچاقلاپ بوينىغا قول سېلىپ مەھكەم.
«گرېتخېن» دېدى ئۇ، بۇ تونۇش ئاۋاز،
دەردىمگە داۋادۇر، قىلار دىلنى ياز.
ئۇ ئىشىك ئالدىدا، سەزمەكتە كۆڭلۈم.
بۇ ۋەھشىي زۇلمەتلىك غەمخانە ئارا،
دەھشەتلىك دوزىخى ۋەيرانە ئارا،
كەلمەكتە قول سوزۇپ ماڭا سۆيگىنىم.

فائۇست

مانا مەن!

مارگارىتا

ھە، ئەنە شۇ يەردە يارىم!
قىل يەنە سۆزۈڭنى يەنە بىر تەكرار.
ئۇنتۇلدى جىمىكى ھەسرەت - ئازارىم،
قالمىدى كۆڭلۈمدە بىر زەررە غۇبار.
سەن كەلدىڭ، ئۆلمەيمەن ئەمدى مەن، يارىم،
كۈتكەندىم زارىقىپ سېنى ھەر دائىم.
يادىمدا شۇ كوچا، ئۇندا شۇ ئاخشام،
تۇنجى رەت تۇتقاندىڭ پاراڭغا مېنى.
چىقمايدۇ ھەم ئەستىن مارتانىڭ بېغى،
ئۇندا مەن كۈتكەندىم تۇنجى رەت سېنى.

فائۇست

(ئالدىراپ)

كېتەيلۇق، يۈر تېزرەك!

مارگارىتا

كەتمە ئالدىراپ،
يۈزۈڭگە تويغۇچە ئالايمەن قاراپ.

(قۇچاقلايدۇ)

فائۇست

تېز بول، يۈر! ئادەمسىز ھازىر بار ئەتراپ،
كېچىكسەك، ئىشىمىز بولىدۇ خاراب.

مارگارىتا

بولمىدىڭ ئانچە كۆپ مەندىن يىراقتا،
كۆڭلۈڭ سوۋۇدىمۇ ياكى پىراقتا؟
ئېيت، قېنى، سۆيۈشنى نېچۈن ئۇنتۇدۇڭ؟
ئەجەبا، نېمىشقا مۇزدەك ۋۇجۇدۇڭ؟
ھەر كېچە مېنى سەن قانداق قۇچاتتىڭ،
گويا سامالارغا ئېلىپ ئۇچاتتىڭ!

جەننەتنى نامايان قىلاتتى كۆزۈڭ،
سۆيۈشۈڭ بال سۇپەت، شېرىندى سۆزۈڭ.
ھە، ئەمدى نېمىشقا سوغۇق نىگاھىڭ،
سۆي مېنى، يالۋۇرار ساڭا نىگارىڭ.
سۆي، نېچۈن ئاڭلىماس قۇلىقىڭ سېنىڭ،
مەن ئۆزۈم سۆيەي كەل قېشىمغا مېنىڭ.

(قۇچاقلايدۇ)

ئەجەبا؟ شۇمىدى كۈتكىنىم سەندىن؟
ئاۋۋالقى ھارارەت، يېنىشلار قېنى؟
مېنىڭكى ئىددىگسەن، يوقاتتىم سېنى،
ئاھ، كىم ئوغرىلىدى، كىم، سېنى مەندىن؟

(ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدۇ)

**فائۇست**

ئامرىقىم، يۈر ئەمدى، كېتەيلۇق چاپسان،
قەلبىمدە جۇش ئۇرغان مۇھەببەت ھەققى.
مېنى ئېلىپ كەلگەن ساداقەت ھەققى،
بولمىساق بولمايدۇ تېز يولغا راۋان.

**مارگارىتا**

(ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ)

ناھاتكى بۇ سەنمۇ؟ ئىشەنمەس كۆزۈم.

فائۇست

ھە، بۇ، مەن.

مارگارىتا

كەلدىڭمۇ مېنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن؟
كەلدىڭمۇ قىلماققا كىشەندىن ئازاد؟
ھە، يەنە باغرىڭغا ئالامسەن، جېنىم!
قورقمامسەن مېنىڭدىن؟ مەن ئەسلىدە كىم —
بىلمىسەڭ پەقەت؟

فائۇست

تاڭ ئاتتى، تېز بولغىن، ئۆتمىسۇن پۇرسەت.

مارگارىتا

مەن ئۆلتۈرۈپ قويدۇم ئانامنى،
سۇغا ئاتتىم تۇغقان بالامنى.
ئۇ پەرزەنتىڭ ئىدى سېنىڭ ھەم،
ئۇ كەلتۈردى تەلەي ئەمەس، غەم.
سەن كەلدىڭمۇ؟ چۈش ئەمەسمۇ بۇ؟
تونالماستىن تۇرىمەن سېنى.
كۆزۈم ئالدى دائىم قاراڭغۇ،
بەرگىن ماڭا قولۇڭنى، قېنى.

نه كۆرگۈلۈك؟ قوللىرىڭدا قان.
سۈرتۈۋەت دەرھال.
چېلىقمىسۇن كۆزگە ھېچقاچان!
قىلىچىڭنى غىلىپىڭغا سال،
يوشۇرغىن دەرھال.

**فائۇست**

ئۆتكەن ئىشقا ئەمدى سالاۋات،
تېز قاچمىساق يوق بىزگە نىجاد.

**مارگارىتا**

سەن ھەممىمىز ئۈچۈن
ياشىشىڭ كېرەك.
قەبرىلەرگە، ئامرىقىم،
تەرگىن گۈل - چېچەك.
ئۈچ دانە گۆر كولىغىن
مازاردا بۈگۈن:
ئانام ۋە ئاكام ئۈچۈن،
ھەمدە مەن ئۈچۈن.
قەبرىمنى نېرى ئوي
ئۇلاردىن ئازراق.
قىزىمنى باغرىمغا قوي،
بولمىسۇن يىراق.
ئۇنى قۇچۇپ جىمغىنا،
ئۇيقۇغا كېتەي.

ئەمدى سېنى بۇ باغرىم،
قۇچالماس، نېتەي.
گەرچە هامان ئاشۇ سەن،
يارىم، بىراق سەن—
بىگۇناھقا ئوخشايسەن،
مەندىن يىراق سەن.

**فائۇست**

مەن بىلەن يۈر، ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا چىن.

**مارگارىتا**

ئازادلىققىمۇ؟

**فائۇست**

ھە، چىق بۇ زىنداندىن.

**مارگارىتا**

مېنى كۈتەر بولسا ئۇ يەردە ئۆلۈم،
ئېلىپ بارسا مېنى مازارغا يولۇم —
مەيلى چىقاي ئاگا مەن تەشنا.
بىر قەدەم نېرىغا ئۆتمەيمەن ئەمما.
ئاھ، گېنرىخ، كەتتىڭمۇ جېنىم،
يەنە مېنى يېگانە قويۇپ؟

ئىستەر ئىدىم كېتىشنى مەنمۇ،
سېنىڭ بىلەن قولغا قول تۇتۇپ.

فائۇست

ئىشىك ئوچۇق! قەدەم تاشلا بەس!

مارگارىتا

ماڭا بۇ ئىش مۇناسىپ ئەمەس.
گەرچە بۇندىن چىقساممۇ قېچىپ.
يۈرەلەمدىم يۈزۈمنى ئېچىپ؟
يۈزۈم قارا، ۋىجدانىم ناپاك،
شۇ هالدا مەن ياشايمەن قانداق؟
نېمە هاجەت ئەلدىن مۆكۈنۈپ،
ئۆزگە يۇرتتا يۈرمەك خورسىنىپ؟
ئۇ يەردىمۇ كۈتەر ئايغاقچى،
ئاخىر مېنى تۇتۇپ ئالماقچى.

فائۇست

ئايرىلمايمەن شۇندىمۇ سەندىن.

مارگارىتا

رەنجىمە مەندىن.
بۇ يەردىن تېز كەت

قىزىلىڭ يېنىغا يەت.
قۇتقۇزغىن ئۇنى،
ئۈتمىسۇن پۇرسەت.
ماڭساڭ توپتوغرا
بوستانلىق ياققا.
باشلاپ بارار يول
سېنى بۇلاققا.
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ،
بۇرۇل ئوڭ ياققا.
ئالسەن شۇندا
بالاڭنى قولغا.
تىرىك ئۇ تېخى
يىغلار بوغۇلۇپ.
ئۇنى تېزلىكتە
ئالغىن قۇتقۇزۇپ.

### فائۇست

ئېسىڭنى يىغ! پۇرسەت غەنىمەت!
ئازادلىقنىڭ يولى ئاز قالدى،
بىرلا قەدەم تاشلايمىز پەقەت.

### مارگارىتا

تۆپىلىكتىن ئۆتسەكلا بولدى،
ئۇندا ئانام ئولتۇرار يالغۇز.
تىترىمەكتە تېنىم بولۇپ مۇز.

ئانام شۇ تاپ يولنىڭ چېتىدە،
ئولتۇرىدۇ تاشنىڭ ئۈستىدە.
چايقىماقتا بېشىنى ئاستا،
ماجالى يوق، چىرايى خەستە.
يوق ھېچ ھالى ئاچماققىمۇ كۆز —
ئۇنى دورا ئۇخلاتقان سۆزسىز
بىزنىڭ شېرىن ئەيشىمىز ئۈچۈن.
قانداق ئېسىل ئىدى ئاشۇ تۈن،
قانداق لەززەت تاپقاندى جانلار!
ئاھ، قېنى شۇ خۇشاللىق چاغلار.

فائۇست

باخشى گەپكە كۆنمىسەڭ نېتەي،
زورلۇق بىلەن سۆرەپ ئەكىتەي.

مارگارىتا

ياق، ئەسلا كۈچ ئىشلەتمە ماڭا،
قوللىرىمنى چىڭ تۇتما مۇنداق.
ئۇنىڭسىزمۇ رايىش مەن ساڭا.

فائۇست

قارا، جېنىم، تاڭ ئاتار ئاپئاق.

مارگارىتا

ھە، باشلاندى ئەلگە يېڭى كۈن،
ئەڭ ئاداققى كۈن بۇ مەن ئۈچۈن.

ئەسلى تويۇم بولمىغى لازىم،
ئەمەسمىدى مانا دەل بۈگۈن.
بولغىنىڭنى مەن بىلەن بىللە،
ھېچ كىشىگە ئېيتما، يوق ھاجەت.
ۋاقىتسىز سولدى گۈللىرىم،
چۈشۈپ باشقا توساتتىن كۈلپەت.
ئەمدى بىللە ئۇسسۇل ئويناش يوق،
بار كۆرۈشۈش نۆۋىتى بىراق.
بارار خەلق قاتىلگاھ تامان
يولغا سىغماي، بولۇپ پاتپاراق.
ئەڭ ئاخىرقى قوڭغۇراق دەرھال
چېلىنغۇسى مەن ئۈچۈن ياڭراق.
چەنلەپ تۇرۇپ بېشىمنى جاللات،
كۈچەپ تۇرۇپ سالىدۇ تاياق.
يىقىلىمەن پۈكۈپ تىزىمنى،
تېگەر بېشىم بېرىپ كۆتەككە.
دەھشەت ئىچرە باقار خالايىق،
مەندەك مەھكۇم ئاسىي بەندىگە.
كېتەر چۆچۈپ ھەمدە خىيالدا،
ئۆز بېشىغا چۈشكەندەك پالتا.

**فائۇست**

ئۆلسەممۇ بۇ كۈننى كۆرمەستىن.

**مېفىستافېل**

(ئىشىكتە پەيدا بولۇپ)

تېز بولۇڭلار ئاھ ـ ۋاھ تۇرماستىن.
باشقا چىقار ئارتۇق كېچىكىش،
قىزارماقتا ئەنە كۈنچىقىش.
كىشنەر باسالماس ئاتلار ئۆزىنى،
سېزىپ تاڭنىڭ سۈزۈلگىنىنى.

### مارگارىتا

بۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان كىم؟
بۇ ئاشۇ شۇ، تونۇدۇم، دەھشەت.
ئۇ جىنىمنى ئالغىلى كەلدى،
تۇرمىسۇن ئۇ، يولغا سېلىۋەت.

### فائۇست

ياشىشىڭ شەرت، كېتەيلۇق، جېنىم!

### مارگارىتا

ھۆكمىڭدىمەن، تەڭرىم، خاقانىم.

### مېفىستافېل

ماڭ! بولمىسا تاشلاپ كېتىمەن!

### مارگارىتا

قۇتقۇز تەڭرىم، سەندىن كۈتىمەن.
پەرىشتىلەر، يېنىمغا كېلىڭ،

مەدەت بېرىڭ ھەم ئازاد قىلىڭ.
قورقماقتىمەن سەندىن، گېنرىخ.

مېفىستافېل

ئۇ. قىيناققا مەھكۇم مەڭگۈلۈك.

ئاسماندا ندا ئاڭلىنىدۇ

تۇگەشتى ئۇ.

مېفىستافېل

تېز بولغىن، كەتتۇق!

(فائۇست بىلەن بىللە كۆزدىن غايىب بولىدۇ)

مارگارىتا

(قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن)

گېنرىخ! گېنرىخ!

بىرىنچى قىسمى تۈگىدى.

# ئىزاھلار

گيوتې «فائۇست» ئۈستىدە پۈتۈن ئىجادىي ھاياتى داۋامىدا 1772 - يىلدىن 1831 - يىلغىچە ئىشلىگەن.

## بېغىشلىما

«ياشلىقتا تۇنجى رەت سۆيۈشكەن كوناـەر» — شائىر ياشلىقىدا سۆيگەن فرىدېرىكا برىئون ۋە لىلى شېنېمەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«ئاخىرقى نەزمەمنى ئاڭلىيالمىدى دەسلەپكى بابىمنى ئاڭلىغان دوستلار»— شائىرنىڭ سىڭلىسى كارنېلىيا شلاسسېر، ياش ۋاقتىدىكى دوستى مېرك، شائىر لېنتسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بابلىرىنى ئاڭلىغان. كىتاب پۈتكەندە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

## تىياتىر مۇقەددىمىسى

«كىمدۇر شەيدا قەلبىنىڭ تۇغيان چېغىنى توپان شىددىتىگە قىلغۇچى قىياس»— بۇ يەردە گيوتې پوئېزىيىنىڭ ئۈچ تۈرىنى — دراما، ئېپوس ۋە لىرىكىنى شەرھلىگەن.

## ئەرشئەلادىكى كۇرس

«مۇسىقىي ساماۋات قەۋەتلىرىدە» — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پىفاگور نەزەرىيىسى بويىچە ئاسمان قەۋەتلىرىدە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى سەييارىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ئالەمگە تۈرلۈك ئاھاڭلار تارقاپ تۇرىدىكەن.

«ئۆتمدۇ ھاياتى سۆيۈماۋك، ھاممام يىلاندەك سۆرۈلۈپ ھەرچاغ، ھەر زامان»— گەپ جەننەتتە ھاۋا ئانىنى يولدىن ئازدۇرغان يىلان ھەققىدە بارىدۇ.

## تۇن

ئاسترادەم—XVI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ھەكىم (تېۋىپ) ۋە مۇنەججىم، ئەسلى ئىسمى مىشېل دې ناتردەم.
ماكرا كاسمى بەلگىسى — ئالتە قىرلىق يۇلتۇز — بارلىق ئالەم— كائىنات ۋە ساماۋات بەلگىسى.

## فائۇستنىڭ ئىشخانىسى

«سۇلايمان مىفتاھى» — XVII ئەسىردە كەڭ تارقالغان دىنىي كىتاب. سالامەندىرا، ئۇندىنا، سىلفىدا ۋە كابلىد ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە يەر مۇئەككىللىرى.
تەبىئەت قانۇنىيىتى — Encheiresıs naturae
— Eritis sicut Deus· Scistes bonum et malum
— تەڭرىدەك ياخشىلىق ھەم يامانلىقنى ئالدىن بىلىشكە قادىر بولغۇسىدۇر.

## لېيپسىگدىكى مەيخانا

«ئاقساق ئىكەن بىر پۇتى ئۇنىڭ» — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئىبلىس ئاسماندىن دوزاخقا تاشلانغان چاغدا بىر پۇتى سۇنغانمىش.
«مەن ئۇچۇن مىڭ كۆۋرۈك سېلىش ئاسانراق» — كۆپ ھاللاردا «شەيتان كۆۋرۈك ياسايدۇ» دېگەن رىۋايەت ئېيتىلىدۇ.

تەۋەررۇك ساددىلىق — Sancta simplcitas
چېخ سىياسىي دىنىي ئەربابى يان گوسنى كاپىرلىقتا ئەيىبلەپ ئوتتا كۆيدۈ-رۈۋاتقاندا بىر ساددا دىل موماي ساۋابلىق ئۇچۇن گۇلخانغا بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلىغانىكەن. شۇ چاغدا يان گوس يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتقان.

# ۋالپۇرگىيە كېچىسى

«ۋالپۇرگىيە كېچىسى» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 1 - مايغا ئۆتەر كېچىسى براكېن تېغىدا جىنلار بەزمىسى بولىدىكەن.

شىركې ۋە ئەلەند — براكېن تېغىغا يېقىن بولغان ئىككى يېزىنىڭ نامى.

شاھ مەممان — مىلتاننىڭ «يوقالغان جەننەت» داستانىدىكى ئىبلىس مەممان.

ئۇرىئان — نېمىس دىئالېكتلىرىنىڭ بىرىدە شەيتاننىڭ ئاتىلىشى.

بائۇبا — مەبۇدە دېمېترەنىڭ ئىنىكئانىسى.

ئىلزېنشتېين — گارىس تىزمىسىدىكى قىيالارنىڭ بىرىنىڭ نامى. گېنرىخ I نىڭ سۆيۈملۈكى مەلىكە ئىلزا ئىسمىغا قويۇلغان.

لىلىت — ئەپسانىلەرگە قارىغاندا ئادەمئاتىنىڭ ھاۋائانىدىن ئىلگىرىدىكى خوتۇنى لىلىت بولغانىمىش. لىلىت ئادەمئاتىدىن كۆرگەن باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە شۇ سەۋەبتىن ھەيدەلگەنىمىش.

پراكتافانتاسمىست — گيوتېنىڭ رەقىبى خرىستىئان فرىدرىخ نىكولاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تېگېل — مەشھۇر نېمىس تىلشۇناسى گومبالدىنىڭ يۇرتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ يەردە جىنلار بولار ئىمىش.

پراتېر — ۋېنادىكى ساياھەت باغچىسى.

# ۋالپۇرگىيە كېچىسىدىكى چۈش

ئابىران ۋە تىتانىتىيا — ئەلفلەر شاھى ۋە مەلىكىسى.

مىدىڭ — ۋېيمار تىياتىرىنىڭ تالانتلىق سەھنە ماتېرىياللىرى ئۇستىسى.

سىنچى سەيياھ — نىكولاينىڭ «گېرمانىيە بويلاپ ساياھەت» ناملىق كۆپ توملۇق ئەسىرىگە ئىشارە.

شامال كۆرسەتكۈچ — فرانسۇز ئىنقىلابىغا ھەم ئۇنىڭغا قارشى بولغان ۋېيمار كلاسسىستلىرى (XII ۋە XVIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتە قەدىمكى يۇنان ۋە رىم سىيۇژىتلىرى ۋە پورمىلىرىغا تەقلىد قىلغۇچى ئېقىم) غا تەرەپدار بولغان ژۇرنالىست ۋە مۇزىكانت رېيخارد كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

گېنىنگس، مۇزاكېت، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرى — گېنىنگس ئاۋگۇست فان — گيوتې ۋە شىللېرنى خرىستىئان روھىغا قارشى دەپ ئەيىبلىگەن پوبلىست.

تۇرنا — يازغۇچى لەفاتېر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — بۇ نام ئۇنىڭ قەدەم تاشلىشىغا ئىشارە قىلىنغان.

رىند — گيوتې بۇ ئوبرازدا ئۆزىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

سەرگەردان شوئلە — ئىنقىلاب ۋاقتىلىرىدا يۇرتىنى تاشلاپ قاچقان فرانسۇز قاچقۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سوۋېت ئۆزبېكىستان غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ
سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1972 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە
نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本书根据塔什干文艺出版社乌孜别克文1972年版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

**فائۇست**

**1 - قىسىم**

**گيوتى**

**تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغان شاۋدۇن**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.125 قىستۇرما ۋارىقى: 10
1986 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-228-00216-4/I·77
تىرازى: 1 — 1000
باھاسى: 2.18 يۈەن

**浮士德**（第一部）（维吾尔文）
歌德 著 吐尔干 译
责任编辑：阿·吾买尔
责任校对：伊·热依木

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
840×1168毫米 32开本 10.125印张 10插页
1986年7月第1版 1987年7月第1次印刷
印数：1—1000

---

ISBN7—228—00216—4/I.77 定价：2.18元



ISBN7－228－00216－4

I·77（民文） 定价：2.18 元